سىياسىي، قانۇن، جەمئىيەت، ئىدىيە، ئەخلاق،

ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

军安

# ئامانلىق

1949 - 1997

★ پەۋقۇلئاددە بولاڭچىلىق شايكىسىنىڭ گۇمران بولۇشى

★ هاراق ۋە چارۋىچىلار

★ نامسىز تېلېفون كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەنىڭ سىرى

★ بىر ئائىلىدىكى قوش تىراگېدىيە



10

1997

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى سىياسىي-قانۇن كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى
نەشر قىلدى

# جوڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كەسپىدە تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيە ياراتتى



جوڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باش دىرېكتورى خۇاڭ جۇنگۇاڭ

جوڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، جوڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى 1996-يىل 8-ئاينىڭ 22-كۈنى ئەسلىدىكى جوڭگو خەلق سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ قۇرۇلغان.

بىر يىلدىن بۇيان، جوڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، جوڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى گۇرۇھى، جوڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى چەكلىك شىركىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكى، ئالاقىدار تارماقلار ۋە ھەر مىللەت خەلقنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلدى، پارتىي خادىملار، ئىتتىپاقلىشىش جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كەسپىنى يۇقىرى سۈرئەتتە ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، خەلقنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش بولىدىغا مۇھىم رول ئوينىدى.

بىر يىلدىن بۇيان، جوڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى بىۋاسىتە سېتىش كەسپى، ۋەكالىتەن ئىش بېجىرىش كەسپى ۋە تىجارەت قىلىش سېتىش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بازارلىرىنى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئۈنۈملۈك ئىگىلىدى. 1996-يىل ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كىرىمى يىللىق پىلانىنىڭ %113.89 ىنى ئورۇنلاپ، ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسىدىن %39.87 ئاشۇردى. 1997-يىل 1-ئايدىن 2-ئايغىچە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى تىجارەت سېتىش كەسپىنى يولغا قويۇپ سۇغۇرتا كىرىمىنى 38 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە 6-ئورۇنغا ئۆتۈپ، جوڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى چەكلىك شىركىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 1997-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سۇغۇرتا كىرىمى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە رايون بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسىدىن %161.60 ئاشتى. بىر يىلدىن بۇيان بىر تەرەپ قىلغان تۇرلۇك تۆلەم تۆلەپ بېرىش دېلولىرى جەمئىي 110 مىڭ پارچىگە، تۆلەپ بەرگەن پۇل 11 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھازىرغىچە تەسىس قىلغان سۇغۇرتا تۈرلىرى 70 دىن ئاشتى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈرلۈك خەۋپسىزلەندۈرۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم ئون مىليون (قېتىم) غا، كاپالەتلەندۈرۈلگەن سومما 400 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى، شىنجاڭنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بازارلىرىنى ئىگىلەپ، بىر قەدەر ئۈستۈنلىكنى ئىگىلەپ، تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيە ياراتتى.

بىر يىلدىن بۇيان، جوڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى مالىيەنى، كادىرلار ئىشلىرىنى، ئېلېكتىرونلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەسپنىڭ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

بىر يىلدىن بۇيان، جوڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «ئون بولۇش، بىر مۇلازىمەت» «باشلار مەدەنىيەتلىك مۇلازىمىتى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەلا، مەدەنىيەتلىك مۇلازىمەت قىلىپ، بازار رىقابىتىدە بۇسۇپ چىقىپ، ئىزدىنىپ تەرەققىي قىلدى. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەم ئىشلىتىش، تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. رەھبەرلىك بەنزىسى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خادىملارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى. شىركەتنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا، ئىقتىسادلىقلار، ئۇر ئۇقتا جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى زور كۈچ بىلەن نەشۇىق قىلىپ، شىركەتنىڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئوبرازىنى تىكلەپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى.

كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا ۋەزىپىلەر ئېغىر، مەنزىل يىراق. مەزكۇر شىركەت ئىناۋەتتى بىرىنچى، مۇلازىمەتتە بىرىنچى، ئەتىجىدە بىرىنچى بولۇپ، مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئەلا سۈپەتلىك خەۋپسىزلەندۈرۈش سۇغۇرتىلىرى ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىدۇ.




ئاقسۇ ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى بارلىق ئىشچى خىزمەتچىلەر (100 دىن ئارتۇق) «ئەتە ئۆچۈن» ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، دوختۇر-سېستىرالارنىڭ كېيىنكى قايغۇسىنى يەڭگىللىتىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.



ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىر مىليوندىن ئارتۇق ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سۇغۇرتىغا قاتناشتى.

# پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئىزچىللاشتۇرايلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك ئېچىلدى، بىز شاد-خۇراملىقتا چۆممەكتىمىز.

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم پەيتىدە ئېچىلغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قۇرۇلتاي، ئالدىنقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىگە يول ئاچىدىغان، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، 11-نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتشى تەۋرەنمەي 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى توغرا لۇشيەننى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك قۇرۇلتاي، قۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى، بولۇپمۇ 14-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىدىيىنى بەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك 21-ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى.

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكمۇاتقان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بەش يىلدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، خەلقئارادىكى ئورنىمىز داۋاملىق ئۆسمەكتە، مانا مۇشۇنداق ئالدىنقى شەرت ھازىرلىنىلغانلىقى ئۈچۈن 7-ئاينىڭ 1-كۈنى شياڭگاڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىندى، يۈز يىللىق ئار نومۇس يۇيۇلدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېچىلىپ بېيىلىدىغان دەۋرى ھەقىقىي يېتىپ كەلدى.

پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتى پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشاش، سىياسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، جەمئىيەت ئالغا باستى. مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى، ئىقتىساد راۋاجلاندى، ھەر مىللەت خەلقى ئارامخۇدا ياشىماقتا. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي قانۇن، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش سەپلىرىدە ئىشلەۋاتقان بارلىق يولداشلارنىڭ قان-تەرى تۆھپىسى مۇجەسسەملەشكەن.

بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي-قانۇن، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش سەپلىرىدىكى بارلىق يولداشلار جاپالىق خىزمەت قىلىپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، ئۆز ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بىر تۈركۈم قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلغانلىقىغا تەنتەنە قىلىۋاتقان پەيتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىياسىي-قانۇن، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش سەپلىرىدىكى بارلىق يولداشلارمۇ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن خىزمەت قىياپىتى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا خىزمەت قىلماقتا. شۇڭا بۈيۈك مەسئۇلىيەتنى سەگەكلىك بىلەن ئېنىق تونۇشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا دۈشمەن ئەھۋالى، جەمئىيەت ئەھۋالى يەنىلا مۇرەككەپ چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بېسىقىنى يوق. بىز پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ھېچقانداق نۇقسان كۆرۈلمەسلىككە، ھەممە تەرەپنىڭ ئامانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

بىز بولداش جاڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى تۆھپىلەر يارىتىپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى.

# ئامانلىق

1997 ـ يىل 10ـ سان

(ئومۇمىي 10ـسان)

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ج ك پ ش ئۇ ئا ر سىياسى-قانۇن كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى

مەسلىھەتچىلەر: ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسى -قانۇن كومىتېتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى

پەخرى مۇدىر: لى فېڭزى

مۇدىر: سۇڭ جىيى

مۇئاۋىن مۇدىر: دۇ شىنفۇ، چۈيۈەنلياڭ، ھەسەن توختى، جاۋمىڭچى، ليۇگۇاڭزۇ، ۋەن زۇڭلىن، بوشياۋ، خوشياۋچېڭ

ھەيئەتلەر (خەنزۇچە فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز- كۆپلىكى بويىچە تىزىلدى): ۋەن زۇڭلىن، ۋاڭ بىيىتىڭ، ھەسەن توختى، ليۇگۇاڭزۇ، سۇڭجىيى، شاۋسۇېن، ۋۇجەنگو، خوشياۋچېڭ، دۇشىنفۇ، غەيرەت نىياز، جاۋمىڭچى، جىڭ جەنجۇڭ، چۈيۈەنلياڭ، سەي يۇجى، بوشياۋ


## مۇندەرىجە

### مۇقەددىمە


پارتىيە 15ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئىزچىللاشتۇرايلى........ ......................(1)


### كومپاس


مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش بىلەن ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرايلى... ................لى فېڭزى(4)


### ئامانلىق يولى


چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرىگە سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا «ئۈچنى قوغداش» تەربىيىسىنى ئاساسي لىنىيە قىلىش كېرەك...................(6)

مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا مەكتەپنى تەرتىپكە سېلىشقا سەل قارالمىدى ........... ..................ۋاڭ جيەنشىن(7)


### شەمشەر


سېكرېتارنىڭ ئۆيلەنمىگەن يەردىن چوڭ ئوغرى بولۇپ چىقىشى............... .......چۇجىن، رېن جيەنمىن، گو چاڭسۇڭ(9)


### دېلو مەيدانى


پەۋقۇلئاددە بۇلاڭچىلىق شايكىسىنىڭ گۇمران بولۇشى...............شاۋ سۇېن(13)


### نىكاھ-ئائىلە


بىر ئائىلىدىكى قوش تىراگىدىيە.........(17)


### قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغىنىش


ھاراق ۋە چارۋىچىلار..........ئەيمېي(20)

## كۆزنەك


نامسىز تېلېفون كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەنىڭ سىرى.................. (25)


## ئامانلىق ئايلىق ئۆچۈرلار


گۇما ناھىيىسىدە «3.بەش يىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى ....... (32)

گۇما ناھىيىسىدە دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن بويىچە باشقۇرۇلماقتا.................... (32)

قىسقا خەۋەرلەر................. (33)


## ئەينەك


ھەقىقىي مۇھەببەت غەپلەتتە قالغان روھنى ئويغىتالمىدى.......................... (34)

ئاتىسى بەڭۋاشلىق قىلىپ پەرزەنتىگە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كېلىش.................... (41)

قىزىقارلىق ئۇچۇرلار.................. (43)


## تەرمىلەر ۋە قانۇن مەسلىھەتچىسى


شاڭخەيدە خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قارىتا پېنسىيىگە چىقىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى..................... (45)

چىشيەن ناھىيىسىدە سوتچىلارنى قاتتىق ئۇرۇش، قاماش ۋەقەسى يۈز بەرگەن............. (45)

مەن ئۆي سېتىۋېلىشتا يولۇققان مەسىلىنى قانداق ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟..................... (45)

ئەر-خوتۇنلاردىن بىر تەرەپنىڭ ئالغان قەرزى نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئورتاق قەرز قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنامدۇ؟.................. (46)

يۇمۇرلار..................... (47)

ھەجۋى رەسىم................... (48)



رېداكسىيە باشلىقى، باش مۇھەررىر: دۆلەتتە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان باش تەھرىر: ھەسەن توختى

مۇئاۋىن رېداكسىيە باشلىقى: غەيرەت نىياز

مەسئۇل تەھرىرلەر: ھاشىمجان ئىسمايىل، ئەخمەت راخمان

گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: ئۆمەرجان قاسىم

ماشىنىست: مەھبۇبە مۇنىردىن

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «ئامانلىق» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە تەھرىر بۆلۈمى

ش. ۋاقىتلىق (97) 001- نومۇرلۇق

باسقۇچى: جۇڭخۇەن باسما زاۋۇتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 2-نومۇرلۇق قورۇ

تېلېفون نومۇرى: 2817524 ئارقىلىق 21864 نى ئېلىڭ

پوچتا نومۇرى: 830003


مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى فاتىخ شەرف تارتقان



فاتىخ شەرف فوتوسى

# مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش بىلەن ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرايلى

## — ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 1997- يىللىق بىرىنچى قېتىملىق بارلىق ئەزالار يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

لى فېڭزى



بىرىنچى، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى قوزغاش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئالدى بىلەن، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تەشۋىق - تەربىيىنى قارارتىملىقى بولغان ھالدا ياخشى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش، زورلۇق جىنايىتى ۋە تۈرلۈك ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى ھەرمىللەت كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىردەك ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، چەت - ياقا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى، شەھەر، يېزا تۇتاشقان جايلار، كۆچمە نوپۇسلار، كەسپسىز خادىملارغا تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش، ئۆلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق كېرەك. ئۈچىنچى، دۈشمەننىڭ ئالدامچىلىق قىلىش، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇش سۇيىقەستىنى ۋە پىتنە - ئىغۋاسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئاممىغا ئۇلارنىڭ جىنايى مەقسىدىنى ئېنىق تونۇتۇش كېرەك؛ تۆتىنچى، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە، ئاكتىپ قاتنىشىشقا ۋە مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىگە «بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون» قۇرۇش پائالىيىتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا قوزغاش كېرەك.

ئىككىنچى، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. جايلار، ئورۇنلار، تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە تارىخىي بۇرچ بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە، رەھبەرلىك كۈچى، كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇش، ماددىي جەھەتتىن سېلىنما سېلىش جەھەتلەردە كاپالەتلىك قىلىشى، تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇشى، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ماسلىشىشنى كۈچەيتىش، قوشما كۈچ ھاسىل قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش جەريانىدا، ئەزا ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا تونۇپ، ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەگىشىپ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، قوشما كۈچ ھاسىل قىلىپ، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھەردەرىجىلىك ج خ، سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «ئىككى ئەڭ چوڭ چەكلىمە» پرىنسىپىدا ئەستايىدىل چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچىلىرى، زورلۇق، تېررورلۇق قىلغان جىنايەتچىلەر ۋە چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ئاساسنى ياخشى تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلاملاردا ئاساس يارىتىش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەش، يېزا (بازار) ساقچىخانىلىرى ۋە خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تۈزەش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش، ج خ ئورگانلىرىنىڭ مەخسۇس كۈچى بىلەن ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تۈزەش تەشكىلاتلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ج خ ئورگانلىرى باشلامچى، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى، قوغداش كادىرلىرى تايانچ، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تۈزەش تەشكىلاتى ئاساس قىلىنغان جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

# جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغدايلى

## — ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ 1997- يىللىق بىرىنچى قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

## سۇڭ جىيى

ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، جايلار مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەزا ئورۇنلار ئاكتىپ ماسلىشىپ، رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى چىڭ تۇتۇپ، «بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون» قۇرۇش پائالىيىتىنى مەزمۇن قىلىپ، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئورۇنلار، تارماقلار ۋە كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەدبىرلىرىنى ئەترابلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نورمال جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش يولىدا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يېڭىمۇ ئەمەلىيلەشكەنلىكتىن، بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش تۈزۈمى يېڭىمۇ ئۈنۈملۈك بولغا قويۇلغانلىقتىن، «زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، تەربىيە بېرىش، باشقۇرۇش، قۇرۇش، ئۆزگەرتىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى خىزمەتلەر يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مەسئۇلىيەتنامىسىگە ئەستايىدىل ئەمەل قىلىندى، نىشانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى يېڭىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

بىخەتەرلىك، ئالدىنى ئېلىش تەرەپتە، جايلار نۇرغۇن چارىلارنى ئويلاپ چىقتى، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. ئادەم، ماددىي نەرسە ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش بولسۇن، ياكى تېخنىكا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش بولسۇن ھەممىسى يېڭىمۇ كۈچەيتىلدى، بۇ ئارقىلىق ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر بىر قەدەر ياخشى مۇستەھكەملەندى.

بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن ئېغىر، بىز مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى داۋاملىق چوڭقۇر، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، 15-قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى 1997- يىللىق بىرىنچى قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

ئۆز خەۋىرىمىز. 8. ئاينىڭ 5. كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى 1997- يىللىق بىرىنچى قېتىملىق بارلىق ئەزالار يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى فېڭزى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما سۇنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شەن يۈشىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى فېڭزى «مەركەزلىك تۈزەش ۋە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى يېڭىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى (ژۇرنىلىمىزدا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى بېسىلدى)، ئاپتونوم رايونلۇق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جىيى «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغدايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، ئالدىنقى يېرىم يىللىق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلدى ۋە كېيىنكى يېرىم يىلدا ئورۇنداشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى (ژۇرنىلىمىزدا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى بېسىلدى)، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى جاڭ جاۋشياڭ نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى ۋە «قاتتىق زەربە بېرىش»، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تىلەۋقان ئىبرايىم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى روزى ئىسمايىل ئۆز تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات قىلدى.

يىغىن ھەرقايسى ئورۇنلاردىن 1997- يىللىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېيىنكى يېرىم يىلدا «بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون» قۇرۇش پائالىيىتىنى پۇرسەتتىن قولدىن بەرمەي ياخشى تۇتۇشنى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇش پائالىيىتىنى مەزمۇن، مەركەزلىك تۈزەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەدبىرلىرىنى ئاساسىي قاتلاملاردا ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى ئادەتتىكى چاقىرىقتىن كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

# چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرىگە سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا «ئۈچنى قوغداش» تەربىيىسىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىش كېرەك

سۇڭ جېڭلى



ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خادىملىرى ئارىسىدا «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش» ئاساسىي لىنىيە قىلىنغان يۈرۈشلەشكەن سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ يەنە بىپگى ۋەزىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

1. چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يەرئۈزلۈكتىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى خەلق ئەسكەرلىرى سىياسىي تەربىيىسىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن.

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، 55 ئاز سانلىق مىللەت 100 مىليون ئاھالىگە ئىگە. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ يەر كۆلىمى دۆلەت زېمىنى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دۆلىتىمىز چېگرا رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقاننىڭ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. چېگرىنىڭ تىنچلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش چېگرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ زۆرۈر، ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي ۋەزىپىسى. ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرىگە «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى يۇرت ۋە ۋەتەننى قوغداشنىڭ ئاساسىي قانۇن ئاتا قىلغان مۇقەددەس بۇرچ ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، ۋەتەننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ئاكتىپ قوغداش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، ۋەتەن چېگرىسىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

2. چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى خەلق ئەسكەرلىرىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان سىياسىي تەربىيىسىنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش»نى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىللىي، دىن مەسىلىسى گىرەلىك، كۆپلىگەن مىللەتلەردە دىنىي ھېسسىيات بىلەن مىللىي ھېسسىيات زىچ بىرلىشىپ كەتكەن، ئۇ دائىم مىليونلىغان ئاممىغا بېرىپ چېتىلىدۇ، بەزىدە بەزى خەلقئارالىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇش - بولماسلىقى كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. شۇڭا، ھەرمىللەت خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خادىملىرى ئارىسىدا دائىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يادرولۇق مەزمۇن قىلىنغان سىياسىي تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرمىللەت خەلق ئەسكەرلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى چۈشىنىپ ۋە ئىگىلەپ ھەمدە ئاممىا ئارىسىدا كەڭ تەشۋىق قىلسا، ئەمەلىي خىزمەتتە باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلسا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرغىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

3. چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى، ئۆتكۈرلىكى ۋە مۇرەككەپلىكى خەلق ئەسكەرلىرى سىياسىي تەربىيىسىدە تۈپ چىقىش نۇقتىسى بىلەن ئاخىرقى نىشاننىڭ «جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش» بولۇشىنى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن.

ئىنچىكىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر پارتىلىتىش، بۇزغۇنچىلىق ئۆلتۈرۈش، تېررورلۇق قىلىش، ئاشكارا ئۇرۇش، جېدەل، بۇلاش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل بىلەن بىر قاتار تېررورلۇق، قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىپ، بىز بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىپ، پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. مانا بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى، ئۆتكۈرلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى ئەكىللەندۈرگەن. چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا، كەڭ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خادىملىرى بۆلگۈنچىلىككە، ئاغدۇرمىچىلىققا ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقى چىلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان قىلىش ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىي تېما قىلىنغان سىياسىي تەربىيىنى بوشاشماستىن ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۇلارغا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ۋە چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىيالايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇتۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى، چېگرىنىڭ تىنچلىقىنى ئاكتىپ قوغداش كۈرىشىگە ئاتلىنىدىغان قىلىش كېرەك.

تەرجىمە قىلغۇچى: نەبىجان ئىبراھىم (ت)

# مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا مەكتەپنى تەرتىپكە سېلىشقا سەل قارالمىدى

ۋاڭ جيەنشىن



مەكتەپ ئەزەلدىن ئىچكى. تاشقى دۈشمەن كۈچلەر، بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر سىڭىپ كىرىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى بىزدىن جىددىي تالىشىدىغان مۇھىم ساھە بولۇپ كەلدى. دۈشمەن ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى جىددىي بولۇۋاتقان، رېئال ۋە يوشۇرۇن تىنچسىز ئامىللار زور مىقداردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا، كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا تەشۋىق ـ تەربىيىنى كۈچەيتىش، مەكتەپنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، دىنىڭ مائارىپقا سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەش جەمئىيەتنى مۇقىم قىلىش ۋە ئۇزاققىچە ئەمىن ئايقۇزۇشنا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، قاغىلىق ناھىيىسى ئۈچىنچىرىق يېزىسى خىزمەت ئەترىتى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، مەكتەپنىمۇ تەرتىپكە سېلىشنى مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە تۇتتى.

1. كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا تەشۋىق ـ تەربىيىنى چىڭ تۇتتى

(1) يېزىمىزنىڭ مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پۈتۈن يېزىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى تۆت كۈندىن بەش كۈنگىچە مەركەزلىك تەربىيەلىدۇق. تەربىيىلەش جەريانىدا، بىر تۈركۈم تەشۋىقات تايانچىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ تايانچىلارنى ئۆز كەنتى، ئۆز مەكتىپىدە ئاممىغا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا تەشۋىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق، تەشۋىقات سۈپىتىگە ۋە ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئالدى بىلەن مائارىپچىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئەستايىدىل دەرس تەييارلاشنى تەلەپ قىلدۇق ھەمدە ئۇلارنى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش مەزمۇن قىلىنغان ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردۇق.

(2) تۈرلۈك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش دائىرىسىنى كېڭەيتتۇق. ① بىرا ـ كەنت، مەكتەپلەردىكى سىملىق رادىئو ۋە ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ باردۇق. رادىئو ئۈزۈلىدىن ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش، كەچتە ئۈچ ۋاخ رادىئو ئاڭلىتىشنى تەلەپ قىلدۇق. مەكتەپلەر ئۆز كەنتىدىكى ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر، دەرسنىڭ سىرتقى ۋاقىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، يېڭى ۋە كونا ئۆزگىرىشلەر، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە باشقا مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. ② مەكتەپلەر قارا دوسكا گېزىتىدىن پايدىلىنىپ، مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى مەزمۇن قىلىنغان تام گېزىتى كۆرگەزمىلىرىنى ئاچتى. ③ ھەجۋىي رەسىم شەكلى ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىشتەك چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرى توغرىسىدا كۆرگەزمە ئاچتى. ئەيىبلەش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ، چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئۇنسۇرلار ۋە مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئېچىپ تاشلاپ، ئوقۇغۇچىلارغا پاكىت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ تەربىيە بېرىپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلارنى دۈشمەن بىلەن ئۆزنى ئېنىق ئايرىش، ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش، دۈشمەن بىلەن چەك ـ چېگرىنى ئايرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

2. مەكتەپنىڭ ئوقۇ. ئوقۇتۇش تەرتىپىنى باشقۇرۇشنى

كۆچەيتىنۈق.

ئۇۋەتسكى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەردىن ماتارىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەكتەپ قورۇسىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۆچەيتىش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەرتىپىنى رەتكە سېلىش ۋە تەرتىپكە سېلىش، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ مەكتەپلەرنى چىرىتىشىگە يول قويماسلىق، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە دىنىي ئەقىدە ئۆگىتىشكە يول قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش، سىياسىي ۋە دىنىي مايىللىقى ئېنىق ناچار بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى قەتئىي تۈردە ئەمەلدىن قالدۇردى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەرتىپى قالايمىقان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئېغىر بولغان مەكتەپلەرنى مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سالدى.

3. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى باشقۇرۇشنى كۆچەيتىنۈق.

يۇتون يىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىدە «ماتارىپ قانۇنى»، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» ۋە «ئوقۇتقۇچىلار سالاھىيىتى مىزانى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقنى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقنى، ئوقۇتقۇچىلار سالاھىيىتىنى ئېنىراپ قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۆچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. سىياسىي - ئىدىيىۋى ئىپادىسى ياخشى بولمىغان، دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتا قىلمىشلىرى بىلەن كارى بولمىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ئېنىراپ قىلىشنى ۋاقتىدا كېچىكتۈرمەي ئىشلىتىش كېرەك؛ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنى تارقاتقان، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ھۇجۇم قىلغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلغان، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ئېنىراپ قىلماسلىق، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلىرىنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن تازىلىۋېتىش كېرەك. كونسېپك، دەرس ئۆتۈش تېزىسى ۋە دەرس لايىھىسىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، رەھبەرلەر دەرس ئاڭلاش تۈزۈمى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشىنى باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇشىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى دەرس ئۆتۈش مەزمۇنىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك دەرس مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى سۆزلەرنى تارقىتىشقا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەقىدىنى تەشۋىق قىلىشقا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارنى باھالاش، دەرىجىسى ۋە ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈشتە سىياسىي پوزىتسىيىسى، رېئال ئىپادىسىنى مۇھىم ئاساس قىلىش كېرەك.

4. ئوقۇغۇچىلارغا سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بەردۇق.

بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مەكتەپ ماتارىپىغا سىڭىپ كىرىۋالغانلىقىغا ئاساسەن، مەكتەپلەردىن ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە بېرىشنى زور كۈچ بىلەن كۆچەيتىش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. ئوقۇغۇچىلارغا سوتسىيالىستىك، كوللېكتىۋىزىملىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش كۆچەيتىلدى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى، مىللەت نەزەرىيىسى، مىللىي سىياسەت، «ئاساسىي قانۇن» ۋە ئاتېزم ھەققىدە تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. خۇپىيانە ھالدا دىنىي ئەقىدە ئۆگەنگەن بەزى ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاش، ئەنگە ئېلىش، نۇرگە ئايرىپ رەتتە تۇرغۇزۇش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش، باشقۇرۇش ۋە تەربىيىلەشنى كۆچەيتىش كېرەك.

5. مەكتەپنىڭ مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى جەريانىدىكى رولىنى جارى قىلدۇردۇق.

(1) پۈتۈن يېزىدىكى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە ماسلىشىپ، تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۆچەيتىش، شىياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئاساسىي تېما قىلىنغان نۇرغۇن ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ، مەكتەپ ۋە كەنتلەردە ئويۇن كۆرسىتىپ، پارتىيە، ۋەتەن ۋە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئېلىمىز قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ۋە پارتىيىمىزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى مەدھىيىلىدى، مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق تەشۋىق قىلىش، ھەرىكەتلەندۈرۈش خىزمىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

(2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاقىلىشىش دائىرىسى كەڭ، ئۇلار ھەممە ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىدار بولغاچقا، ئۇلارنى تەربىيىلەش ھەرقايسى ئائىلىلەر، جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش، ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، بارلىق ئوقۇغۇچىلار بۇ قېتىمقى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى ۋە باش - ئۇسمۇرلەرنى زەھەرلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالدى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى چەكلەش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى، خۇپىيانە دىنىي ئەقىدە ئۆگەنگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار سىياسىي، تارىخ قاتارلىق مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئۆگىنىشكە ئېتىبار بېرىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر توغرىسىدا يېڭىچە تونۇش ھاسىل قىلىشقا باشلىدى. ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى خالىسانە تەشۋىقاتچى بولۇپ، تەشۋىق قىلىش، ھەرىكەتلەندۈرۈش، تەربىيىلەش خىزمىتى جەريانىدا تىگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتى ھەممە ئائىلىلەرگە چوڭقۇر سىڭدى.

تۇراخۇن ئۇمەر (ت)

# شىخەنزىدە يۈز بەرگەن پۇل ئىشكاپىنى ئوغرىلاش چوڭ دېلوسىنىڭ پاش قىلىنىش خاتىرىسى

چۇجىن، رېن جيەنمىن، گوچاڭسۇڭ



ئۆتكەن يىل قىشتىن بۇ يىل ئەتىيازغىچە، شىنجاڭنىڭ شىخەنزە شەھىرىدە ئارقا - ئارقىدىن پۇل ئىشكاپىنى ئوغرىلاش چوڭ دېلوسى يۈز بەردى. دېلونىڭ پاش قىلىنىش نەتىجىسى كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. جىنايەت گۇماندارىنىڭ بىر زاۋۇت سېخ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرتارى بولۇپ چىقىشىنى ھېچكىم ئويلىمىغان ئىدى. ئەسلىدە ئۇ پارلاق ئىستىقبالغا، كىشىلەر ھەسەت قىلغىدەك شان - شەرەپكە ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ قەدرىگە يەتمەي، پۇل دېسە جېنىنى بېرىپ، ۋىجدانىنى يوقىتىپ، كۈندۈزى ئالىجاناپ بولۇۋېلىپ، كېچىسى ئالۋاستىغا ئايلىنىپ، جىنايەت گىرداۋىغا قەدەممۇ - قەدەم يېقىنلاشقان.

ئەرۋاھنىڭ ئۇۋىسىدىن چىقىشى، پۇل ئىشكاپىنىڭ قومۇرۇۋېتىلىشى

1996- يىل 11- ئاينىڭ 2- كۈنى، تۈن نىسپى، غەربتىكى چېگرا شەھەر - شىخەنزە خاتىرجەم تىنچلىق ئىچىدە. بىر كۈن ئەمگەك قىلغان كىشىلەر تاتلىق ئۇيقىغا كەتكەن، ھەتتا كوچا بويىدىكى دۇكانلارنىڭ نىئون چىراقلىرىمۇ سۇس جىمىرلاپ تۇراتتى. تۇساتتىن، قاپ - قارا بىر سايە خۇددى ئەرۋاھقا ئوخشاش، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۆيى - جاي تەرەققىيات شىركىتىگە غىپپىدە كىردى-دە، مالىيە ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى قومۇرۇۋېتىپ، لوم تۆمۈر ۋە ئۇنىۋېرسال ئاچقۇچ بىلەن بىخەتەرلىك ئىشكاپىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ 12مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى نەق پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى پاك - پاكىزە ئېلىپ كېتىدۇ. 11- ئاينىڭ 16- كۈنى، «ئالتۇنتاغ» ئېلېكترونلۇق مېكە دۇكىنىغا ئوغرى كىرىدۇ، 13مىڭ يۈەن زىيان بولىدۇ. 12- ئاينىڭ 5 كۈنى، شەھەرلىك 6- تۆمۈرلۈق كىچىك رايوندىكى «شىنخې» شىركىتىنىڭ پۇل ئىشكاپى ئوغرىلىنىدۇ. ئوغرى پۇل ئىشكاپىنى ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئېچىپ، توققۇزمىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيان سالىدۇ. 12- ئاينىڭ 10- كۈنى، غەربىي بىرىنچى بولغا جايلاشقان شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى ھېسابات دەپتىرى سېتىش دۇكىنىغا پالاكەت باسىدۇ. پۇل ئىشكاپى قومۇرۇلۇپ 72مىڭ يۈەن ئوغرىلاپ كېتىلگەن (دېلو پاش قىلىنغاندىن كېيىن جىنايەت گۇماندارى بۇ دۇكانغا مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم «قەدەم تەشرىپ» قىلغانلىقىنى، بىرىنچى قېتىم 1995- يىل 6- ئاينىڭ 27- كۈنى توققۇز مىڭ يۈەن ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان). ھېسابات دەپتىرى سېتىش دۇكىنى ئوغرىلىقتا ئۇچراشنىڭ بىشارىلىقىدىن تېخى ئەسلىگە كېلىپ بولالماي تۇرۇپلا، 12- ئاينىڭ 11- كۈنى، بۇ دۇكاندىن ئانچە يىراق بولمىغان غەربىي بىرىنچى بولغا جايلاشقان شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ مالىيە ئىشخانىسىدىكى پۇل ئىشكاپى قومۇرۇۋېتىلىپ، 17مىڭ 800 يۈەن ئوغرىلاپ كېتىلىدۇ. 12- ئاينىڭ 17- كۈنى، شەھەرلىك يول ئاسراش ھەققى يىغىش پونكىتىنىڭ ئۈچ دانە پۇل ئىشكاپى قومۇرۇلۇپ (بىرىنى ئاچالمىغان)، ئىككى مىڭ 600 يۈەن قىممىتىدە زىيان بولغان. 12- ئاينىڭ 29- كۈنى، 1- ئاۋغۇست پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى 2- شۆبىسىنىڭ مالىيە ئىشخانىسىغا ئوغرى كىرگەن، پۇل ئىشكاپىنى ئاچالمىغاچقا، پەقەت توققۇز يۈز يۈەن نەق پۇل ئوغرىلانغان.

قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە پۇل ئىشكاپلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئوغرىلانغاندىن سىرت، زور، پەۋقۇلئاددە زور ئوغرىلىق دېلولىرىمۇ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىدۇ. شىخەنزىنىڭ دېلو يۈز بېرىش تارىخىدا بۇنداق ئەھۋال زادى بولۇپ باقمىغان ئىدى. جىنايەتچىنىڭ تەلۋىلىكى، ئوغرىلىق مىقدارىنىڭ زورلۇقى ئادەمنى چۆچۈتكىدەك ئىدى. جەمئىيەتتە بىر مەھەل كۈچلۈك ئىنكاس كۆتۈرۈلۈپ، ئاھالىلار ئارىسىدا ھەرخىل سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىدۇ. بەزى ئىدارىلەرنىڭ مالىيە خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ مالىيە ئىشخانىلىرىنىڭ ئوغرىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

دېلونىڭ بىرىگە - بىرىنىڭ ئۇلىنىپ يۈز بېرىشى، ئاھالىلار ئارىسىدىكى سۆز - چۆچەك ۋە ئەنسىزچىلىك، بىكتۇەن سەككىزىنچى دىۋىزىيىسى بىلەن شىخەنزە شەھىرى رەھبەرلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. سىياسىي - قانۇنغا ئاساسلىق مەسئۇل رەھبەرلەر مۇداپىئە خىزمىتىنى شەخسەن ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ مالىيىگە مەسئۇل رەھبەرلىرىدىن مالىيە باشقۇرۇش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، بىخەتەرلىك قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا دېلونىڭ تېز ئېلىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئەرۋاھقا ئوخشايدىغان بۇ چوڭ ئوغرى گاھ يوشۇرۇنۇپ، گاھ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئوخشاش قورال، ئوخشاش ۋاسىتە بىلەن، تەپارتماستىن ئارقا - ئارقىدىن تەلۋىلىك بىلەن جىنايەت سادىر قىلىدۇ. 1996- يىلى 12- ئايدىلا، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، پۇل ئىشكاپىنى ئوغرىلاش دېلوسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم يۈز بېرىپ، يۈز مىڭ يۈەن قىممىتىدە زىيان بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئوغرى بولماستىن، بەلكى چاققان، قانۇننىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان چوڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. قانۇنغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق كۆز كۆرسىتىدىغان، ساقچىلارغا جەڭ ئېلان قىلىدىغان بۇنداق قىلمىش شىخەنزىدىكى كەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇلار جەڭگە چىقىشنى تۇشىمۇ - تۇشتىن ئىلتىماس قىلىپ، بۇ دېلونى رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى، شەھەرنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغان، تۈن پەردىسى ئاستىدىكى بۇ ئەرۋاھنى بالدۇرراق قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى تارىخنىڭ سوراق

ئۆجىسى جاڭ شىنخۇا (جىنايەت گۇماندارى) دۇرۇس ئادەم بولۇپ چىقىپ، قىزغىن قوللاپ، ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، كادىر. ساقچىلارنىڭ ئەھۋال ئىگىلەپ رەتكە تۇرغۇزۇش خىزمىتىگە ماسلىشىدۇ. لېكىن تەپەككۇردىكى قانائەتلىك سەۋەبىدىن، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ نىشانى ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياكى ناچار ئىللەتلىرى بار كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە توپلانغاچقا، كىمىمۇ بىر پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىدىن گۇمانلىنىپ يۈرسۇن؟ شۇنداق قىلىپ، ئىككى قېتىملىق رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىدە جاڭ شىنخۇا كادىر. ساقچىلارنىڭ كۆزىنى بوياپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەسلىدە، دېلونى تەھلىل قىلىشقا ئاساسەن، جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتى دەسلەپتىنلا بىسىنرما قويۇپ كۆزىتىش، ئالدىنى ئېلىشنىڭ تۈنۈملۈك راۋېدكا لايىھىسىنى تۈزگەن. لېكىن ئادەم كۈچى يېتەرلىك بولمىغاچقا، تورنى ھەم چوڭ ھەم زىچ يېيىش مۇمكىن بولمىغان. جاڭ شىنخۇا نەپشىلا بۇ بوچۇقتىن پايدىلىنىپ كەتكەن. گەرچە بۇ چوڭ ئوغرى ئارقا - ئارقىدىن مەقسىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قانۇن تورىغا قەدەممۇ - قەدەم يېقىنلىشىۋاتاتتى.

1997- يىل 2- ئاينىڭ 28- كۈنى، جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى يەنە بىر قېتىم ياچېيكا ھەيئىتى يىغىنى ئېچىپ، تەدبىرلەرنى تەھلىل، تەتقىق قىلىپ، ئۈستۈن ئەسكىرى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ بىر قاتار پۇل ئىشكاپى ئوغرىلىنىش دېلوسىنى پاش قىلىشنى ئاساسىي ھۇجۇم قىلىش نىشانى قىلىپ، دېلونى پاش قىلىشنىڭ يېڭى لايىھىسىنى تۈزگەندىن كېيىن تۈزىدۇ. شۆبە ئىدارە يەنە بىر دېلونى پاش قىلىشنى ئەتىۋارلىق قاتتىق زەربە بېرىش، تۈزەشتىكى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىپ تۇتىدۇ. 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتى كېچىلىك بىسىنرمىدا كۆزەتچىلىك قىلىدىغان، چارلاش ئېلىپ بارىدىغان خادىملارنى ئۈتتىن 15 كە كۆپەيتىدۇ ھەمدە چوڭ ئەترەت رەھبەرلىرىدىن بىر كىشىنى شەخسەن ئۆزى ئەترەتنى يېتەكلەپ، دېلو پاش قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چۈكۈشنى بەلگىلەپ، دېلونىڭ بالدۇرراق پاش قىلىنىشىغا شارائىت ھازىرلايدۇ.

نادان تۈلكە تومشۇقىدىن ئىلىنار

ئاسادىيىلىق ئىچىگە مۇقەررەرلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ

بۇ، جۇڭگونىڭ غەربىي باش ئەتىياز پەسلىنىڭ بىر كېچىسى.

ھەربىيلەر ئۆزلەشتۈرگەن يېڭى شەھەر. شىخەنزە ناڭ ئالدىدىكى پايانسىز تۈن پەردىسى ئىچىدە، چوڭ كوچىدا ئەتىگەنلىك ئاپتوبۇسقا ئالدىراپ ماڭغان كىشىلەرنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇرغاندىن باشقا م يوق ئىدى. بۇ دەل 1997- يىل 3- ئاينىڭ 27- كۈنى سەھەر سائەت بەشتىن 0 4مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىت. شىخەنزە شەھىرى شەھەر رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن جىنايى ئىشلار ساقچىسى لياڭ ۋەنمىڭ بىلەن ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىم گۇڭ شياۋفېي چارلاپ غەربىي بىرىنچى يولدىكى كونا ئاچا يول ئېغىزىغا كېلىدۇ. بۇ، دېلو كۆپ يۈز بېرىدىغان جاي بولغاچقا، ئۇلار ئالاھىدە ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يولىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىر قورۇلۇش مانېرىياللىرى ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا بىر ئەرنىڭ ئۆيان - بۇيان توختىماي مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ ئادەمنى چۈچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار دەرھال قاراڭغۇ بىر جايغا يوشۇرۇنۇپ، ئۇنى كۆزىتىشكە باشلايدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بىر كىرا ئاپتوموبىلى يولدىن ئەگىپ ئۆتىدۇ، ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا بۇ ئادەم ئېنىق كۆرۈنىدۇ. لياڭ ۋەنمىڭ بىلەن گۇڭ شياۋفېينىڭ

كۆزلىرى چاقناپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم 30 ياشلار چامىسىدا، بويى 1.75 مېتىر ئەتراپىدا. قاۋۇل، پۇتىغا ئاق رەڭلىك تەنھەرىكەت ئايىغى كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىر قاتار پۇل ئىشكاپى ئوغرىلاش دېلوسىدىكى جىنايەتچىنىڭ تەقلىدى رەسىمى بىلەن تامامەن ماس كېلەتتى. ئۇلار يولۇچى قىياپىتىدە بۇ ئادەمنىڭ كەينىگە ئەگىپ ئۆتۈپ، باشقا گۇمانلىق نۇقتىلارنى ئىزدەيدۇ. ئەتراپتىكى قۇرۇلۇشتىكى خىرە چىراق نۇرىدا، بۇ گۇمانلىق ئادەم بايا تۇرغان جايدا قۇرۇلۇشنىڭ پەلەمپىيىدە بىر دانە لوم تۆمۈر تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ. كۈچلۈك كەسپىي سەزگۈرلۈككە ئاساسەن بۇ ئىككەيلەن بۇ ئادەمنىڭ ناھايىتى زور گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى، پۇل ئىشكاپلىرىنى ئوغرىلىغان ھېلىقى نەلۋە ئوغرىنىڭ دەل مۇشۇ ئادەم بولۇشى مۇمكىنلىكىنى جەزىملەشتۈرىدۇ. لياڭ ۋەنمىڭ بىلەن گۇڭ شياۋفېي ئىشارەت قىلىشىپ ئىش تەقسىملىشىۋالغاندىن كېيىن، تۇيدۇرماستىن ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ سورۇشتۇرىدۇ. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ يەردە بىر دوستىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

بۇ يەر بىكەت ئەمەسىدى، نۆۋەتچى ئاپتوبۇسلارمۇ بۇ يەردىن ئۆتمەيتتى. ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بۇ ئادەم يالغان سۆزلىرىنىڭ ئاقمايۋاتقانلىقىنى، سوئال سورىغۇچىلارنىڭ گۇمانلىق نەزەرىدىن ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىدۇ-دە، غىپلا قىلىپ تىكىۋەتمەكچى بولىدۇ. لياڭ ۋەنمىڭ چەبدەسلىك بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى بەرگە بېسىۋالىدۇ. گۇڭ شياۋفېي ئۇنىڭ بېلىنى ئاختۇرغاندا، ئۇنىڭ بېلىدىن ئۇنىۋېرسال ئاچقۇچ، بۇرما بىچاق، ئاق بىپ پەلەي ۋە پىروژېكتىر قاتارلىق نەرسىلەر چىقىدۇ. مۇشۇ نەرسىلەرگە ئاساسلىنىپلا بۇ ئادەمنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدا زور گۇمان بارلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككەيلەن ئۇنى دەرھال باغلاپ، بىر كىرا ئاپتوموبىلى بىلەن ئەترەتكە ئېلىپ كېلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرىدۇ.

سوراقخانىدىكى ئېلىشىش، جاھالەت بىر گەز ئۆرلىسە، ئادالەت مىڭ گەز ئۆرلەيدۇ

لياڭ ۋەنمىڭ بىلەن گۇڭ شياۋفېي بۇ ئادەمنى چوڭ ئەترەتكە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى قىلچە كېچىكتۈرمەي ئەترەت رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىدۇ ھەمدە نەق مەيدانغا قايتىپ بېرىپ مۇھىم دەلىل - ئىسپات قىلىنىدىغان دېلو سادىر قىلىش قورالى بولغان لوم تۆمۈرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەتىگەن سائەت ئالتىلەردە، ئىشتىن خەۋەر تېپىپ دەرھال جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىگە يېتىپ كەلگەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دۇەن جىيىڭ، چوڭ ئەترەت باشلىقى چېن چاۋۋېن، دىجورنىلىق قىلىۋاتقان سىياسىي يېتەكچى جۇ يۇخەن، جۇ ملىدىن ئەمدىلا نەق مەيداندىن قايتىپ كەلگەن تېخنىكا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لۇ دېچىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە، گۇمانلىق كىشىنىڭ دېلو سادىر قىلىش قورالى ۋە كىيىۋالغان ئايىغىنى دەرھال دەسلەپكى قەدەمدە باھالاپ چىقىدۇ. لۇ دېچىن لوم تۆمۈر ۋە ئۇنىۋېرسال ئاچقۇچ قاتارلىق دېلو سادىر قىلىش سايمانلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن قايتا - قايتا كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، خۇشاللىقىنى يېشىۋالالماي، قەتئىيلىك بىلەن: «بۇ نەرسىلەر دەل بىر قاتار پۇل ئىشكاپى ئوغرىلاش دېلوسىدىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئىشلىتىلگەن سايمانلار ئىكەن» دەيدۇ. ئۇ يەنە ئاستىنقى قەۋەتتىكى گۇمانلىق كىشى قاماپ قويۇلغان ئۆيگە كىرىپ، ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئۇنىڭ چىراي شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكىنى كۆزەتكەندىن كېيىن، قولغا چۈشۈرۈلگەن ئاق رەڭلىك تەنھەرىكەت ئايىغى بىلەن نەق مەيداندا قېلىپ قالغان ئىزلارنى تېخنىكىلىق سېلىشتۇرىدۇ. نەتىجىدە

# پەۋقۇلئاددە بۇلاڭچىلىق شايكىسىنىڭ گۇمران بولۇشى

## — قاغىلىق ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن بۇلاڭچىلىق دېلولىرى ئۈستىدىكى تەھلىل

شياۋ سۇبىن

1. تەتۈر قويۇن چىقىرىش، قالايمىقان دولقۇن كۆتۈرۈش.

1996-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنى، قاغىلىق ناھىيىسى لوق يېزىسىنىڭ 1-كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەسۇم كېپەك ھەددى-ھېسابسىز ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئەتىگەن بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 8دە، ئۇ بىر نۆركۈم ئاياللارنى يېزىلىق شىپاخانىغا پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشقا ئاپاردى. پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىنى يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلاملاردا ئىزچىللاشتۇرۇش قىيىن بولغانلىقتىن، ئۇ بۇ ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتمىدى. چۈشتىن كېيىن، كەنتنىڭ بىر يېرىدە مەخپىي قۇرئان ئوقۇش ئورنى بارلىقىنى ئىگىلەپ، يېزا ساقچىخانىسىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، قولغا چۈشۈرۈلگەن 13 ئادەمنىڭ يەتتىسى مۇشۇ كەنتتىن، ئالتىسى بەشئېرىق يېزىسىدىن ئىدى. كېچە سائەت ئۈچتە، مەسۇم كېپەك چارچىغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلاملاردا ئىش چاچتىنمۇ كۆپ ئىدى، بۇنداق كۈنلەرگە مەسۇم كېپەك كۆنۈپ كەتكەنىدى. 1966-يىلى پارتىيىگە كىرگەن بۇ پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى تۆت يىل كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، 12يىل كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە ئۈچ يىل كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان مەزگىل ئىچىدە ئارام خۇدا دەم ئېلىپ باقمىدى، دېسىمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ.

بىر سائەتتىن كېيىن، مەسۇم كېپەك شىرىن ئۇيقىغا چۆشىدۇ، ئۇ بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئۇيقا ئۇنىڭ ئۈچۈن ناۋاتتىنمۇ تاتلىق تۇيۇلىدۇ.

مەسۇم كېپەك ئائىلىسىدىكىلەر ۋە كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاتلىق ئۇيقۇغا چۆشكەندىن كېيىن، قاراڭغۇ تۈن پەردىسى ئىچىدە، ئەرۋاھتەك تۆت كۆلەڭگۈ تامدىن ئارتىلىپ مەسۇم كېپەكنىڭ ھويلىسىغا چۈشىدۇ. چوڭ ئۆينىڭ كېڭدا ئۇخلاۋاتقان مەسۇم كېپەك چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندە، قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالىدۇ: قول چىراق ئۇنىڭ كۆزىگە يېنىدىلا يېقىلىدۇ، بويىنىغا يوغان پىچاق تىرىلىدۇ. مەسۇم كېپەك ئامال قىلىپ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، چاقىرىلمىغان بۇ بىر نەچچە مېھماننىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈپ باقماقچى بولىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئىچى بەك غۇۋا بولغانلىقى، يەنە كېلىپ نۇر كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالىدۇ.

بىر لۈكچەك توم توقماق بىلەن مەسۇم كېپەكنىڭ بېشىغا ۋە بەدىنىگە ئون نەچچىنى ئۇرىدۇ ۋە: «بۈگۈن سىلەر قانچە ئادەمنى تۇتتۇڭلار؟ قانچە ئايالغا تۇغۇتتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى سالدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ.

مەسۇم كېپەك ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا بۇ بىر نەچچە لۈكچەكنىڭ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن كۈچلۈك دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ ۋە ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق ئۇزىنىڭ قارشىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لۈكچەكلەر رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇپ، بېشى 60قا يېقىنلاشقان بۇ بوۋاينى ھوشسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ.

مەسۇم كېپەك ھوشسىزلاندۇرۇپ قويۇلغاندىن كېيىن، بىر نەچچە لۈكچەك ئۇنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن يەنە بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، ئۇ ئۆيگە قويۇپ قويۇلغان كەنت كومىتېتىنىڭ تېلېۋىزورى ۋە سىن ئالغۇسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆگەي-تۇغقەي قىلىپ پۇل-دۇنيا ئىزدەيدۇ، ئاخىرى خىزمەتكە قاتناشقىنىغا 30 نەچچە يىل بولغان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ بۇ شۇجىسىنىڭ ئۆيىدىكى ئىككى جۈۋىنى بۇلاپ كېتىدۇ.

مەسۇم كېپەكنى بۇلاش دېلوسى بىر سىگنال بولۇپ قالىدۇ، مۇشۇ دېلو يۈز بەرگەندىن باشلاپ، قىسقىغىنە ئۈچ ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە، قاغىلىق ناھىيىسى دائىرىسىدە ئېنىق سىياسىي مەقسىدى بولغان، يېزا، بازارلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە خەنزۇ ئاممىسىنى بۇلاشنى ئاساسلىق نىشان قىلغان بۇلاڭچىلىق دېلولىرى ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىۋېرىدۇ.

10-ئاينىڭ 21-كۈنى كەچتە، بۇلاڭچىلار جاڭگىلئەسكى يېزىسى 13-كەنتى 2-گۇرۇپپىسىنىڭ بۇغالتىرى ئابلەتنىڭ ئۆيىگە بۇلاڭچىلىققا كىرىپ، مىڭ يۈەن نەق پۇلنى بۇلاپ كېتىدۇ؛ شۇ كۈنى كەچتە يېتىملىقئۆم يېزىسى 27-كەنتتىكى خەنزۇ كۆكتاتچى چېن جۈڭلياڭنىڭ ئائىلىسىدىن 1700 يۈەن نەق پۇلنى بۇلاپ كېتىدۇ؛ يەنە شۇ كۈنى كېچىدە، ئالتە بۇلاڭچى تېنىر يېزىسى 8-كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەخمۇت يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە بۇلاڭچىلىققا كىرىپ، بىر دانە تېلېۋىزور، بىر دانە ئۈنئالغۇ ۋە 2780 يۈەن نەق پۇلنى بۇلاپ كەتكەن ھەمدە مەخمۇت يۈسۈپنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ قويغان.

12-ئاينىڭ 28-كۈنى، بەش نەپەر بۇلاڭچى بەشئېرىق يېزىسىنىڭ 3-كەنت كومىتېتىغا بۇلاڭچىلىققا كىرىپ بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور، بىر دانە سىن قويغۇ (قىممىتى 5500 يۈەن)نى بۇلاپ كەتكەن، كەنتنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقىنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ قويغان، نەق مەيداندىكى توققۇز ئادەمنى باغلاپ قويغان؛ شۇ كۈنى كەچتە، بۇ بەش بۇلاڭچى يەنە بەشئېرىق يېزىسىنىڭ 3-كەنتىدىكى ئىمام ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ دېلو تۇغدۇرۇپ، 250 يۈەن نەق پۇل ۋە ئىككى ۋېلسىپىتنى بۇلاپ كەتكەن ھەمدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىمامنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ قويغان.

1996-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 29-كۈنىگىچە، قاغىلىق ناھىيىسىدە ئارقا-ئارقىدىن 24 قېتىم بۇلاڭچىلىق دېلوسى يۈز بەردى. بۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى ۋە ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق دىققەت-ئېتىبارىنى

قوزغىدى، قاغىلىق ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىكى بارلىق كادىر - ساقچىلار ھەققانىي غەزەپ بىلەن تەتۈر قويۇننى، قالايمىقان دولقۇننى توسۇش ھەرىكىتىگە ئاتلاندى.

2. ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىكنىڭ ئېلىشىشى

ۋەقەدىن كېيىنكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 24 قېتىملىق بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى ئاساسىي جەھەتتىن مەخپىي ئالېپلاردىن تەشكىللەنگەن بۇلاڭچىلىق شايكىسى تۇغدۇرغان. بۇ شايكىنىڭ 61 ئەزاسى بولۇپ، 32 نەپىرى ئالېپلاردىنكەن. ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى مەزكۇر شايكىنىڭ ھايات قېلىشى، مەشق قىلىشى ۋە چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش راسخوتى توپلاشتىن ئىبارەتكەن. ئۇلار غەرەزلىك ھالدا يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە خەنزۇ ئاممىنى بۇلاشنى نىشان قىلىپ، «بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش» مەقسىدىگە يەتمەكچى بولۇپ، ھەم پۇل، مال دۇنيانى بۇلىغان، ھەم يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا زەربە بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغاتقان. ھەر قېتىم بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن، ئۇلار ئالدى بىلەن نىشاننى كۆزلەپ قويۇپ ئاندىن بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ئادەم ۋە ئۇسۇلنى بېكىتىپ، كېيىنكى ئىمتاسىلىقنى پايدىلىنىپ موتسىكىلىت مىنىپ يۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن.

بۇلاڭچىلار بۇلاڭچىلىق قىلغاندا قاتىللىق قورالى ئېلىپ يۈرۈپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئېھتىيات قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. كۆپ ساندىكى جىنايەتچىلەر ئالدىن كۆزلىگەن مەقسىدىگە يەتكەن، ئەمما زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىنمۇ بەزىلىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قايتۇرما زەربە بەرگەن. مۇشۇنداق چاغلاردا بۇلاڭچىلار كۆرۈنۈشى قالتىس، ئەسلى ھالىتىز بولۇشتەك ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، رەسۋا بولۇپ قېچىپ كەتكەن.

10- ئاينىڭ 10- كۈنى كەچتە، لوق يېزىسىدىكى خەنزۇ 2- ئەترەتنىڭ باشلىقى جاۋ جىڭلياڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇززۇن ئۆتمەي ئىشىك ئالدىدا بىر غەلىتە ئاۋاز بارلىقىنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغان. ئۇ ئىشىكنى ئېچىشىغا بىر پىچاق ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كىرگەن. جاۋ جىڭلياڭ چۆچۈپ، ئىشىكنى يېپىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ لۈكچەك ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ ئۆيگە كىرگەن. پاكار بويلۇق بىرەيلەن پىچاقنى ئۇنىڭ بوينىغا تىرەپ تۇرۇپ: «پۇل چىقار» دېگەن. يەنە بىر لۈكچەك قول چىرىقنى جاۋ جىڭلياڭنىڭ كۆزىگە يېقىپ تۇرۇۋالغان، ئۈچىنچى لۈكچەك قولىغا كالتەك ئېلىپ ئىشىكنى يېقىپ تۇرغان.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا چېكىنىپ بارغان جاۋ جىڭلياڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ چاقماق تېزلىكىدە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى ئۈستىدە ئويلانغان. ئۇ، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان كىچىك ئوغلۇم ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسى تېخى بۈگۈن يۇرتىدىن شىنجاڭغا كەلدى، بۇلاڭچىلار بۇ ئەھۋالنى بىلمەسلىكى مۇمكىن، بۇ ئىككى يىگىت ئويغىنىپ كەتسە، بۇ ئۈچ لۈكچەكنى بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغان.

دەسلەپتە قول سالغان لۈكچەك تاقەت قىلىپ تۇرالماي: «پۇلنى چىقار» دەپ ۋارقىرىغان. جاۋ جىڭلياڭمۇ ئوخشاش ئاۋازدا: «پۇل يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ پاكار لۈكچەك چېچىلىپ، جاۋ جىڭلياڭغا پىچاق تىقماقچى بولغان. جاۋ جىڭلياڭ قىلچە قورقۇپ قالماي بېشىنى ئىتتىك قاچۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بوينىنى پىچاق سىزىۋەتكەن، جاۋ جىڭلياڭ لۈكچەكنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق قايرىغان، لۈكچەك «ۋايجان» دەپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىغان، پىچاق قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن. بۇ چاغدا جاۋ جىڭلياڭ سول قولىنى ئۇزارتىپ ئوچاق بېشىدا تۇرغان بىر پارچە خىشنى ئېلىپ لۈكچەكنىڭ بېشىغا ئۇرماقچى بولغان، لۈكچەك يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان. خىش لۈكچەكنىڭ بېشىغا تېگىش ئالدىدا، جاۋ جىڭلياڭ زورمۇ - زو قولىنى يىغىۋالغان. ئۇ، خىش تېگىپ كەتسە بۇ پاكار لۈكچەك ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ مېيىپ بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغان.

جاۋ جىڭلياڭ رەھىمدىللىك قىلغاندا، قول چىرىقنى ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىپ تۇرغان ھېلىقى لۈكچەك ئېتىلىپ كەلگەن. جاۋ جىڭلياڭ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن، ئوڭ مۈرىسى، ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىقى بىلەن بىگىز قولىنىڭ ئارىلىقىدا ئۈچ قېتىم پىچاق تەككەن، قان دەرھال ئېقىپ چىققان.

بۇ چاغدا، ئىشىك ساقلاپ تۇرغان ئۈچىنچى لۈكچەك ئېتىلىپ كېلىپ جاۋ جىڭلياڭغا توقماق ئۇرغان، جاۋ جىڭلياڭ بېشىنى قاچۇرغان، ئەمما توقماق ئۇنىڭ سول قۇلىقىغا تىگىش ئالدىدا، ئۇ توقماقنىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋېلىپ كۈچەپ تارتىۋالغان. بۇ چاغدا، ئىچكىرىكى ئۆيدىكى ئىككى ياشمۇ توقماق ۋە ئەيكەش ئېلىپ ئېتىلىپ چىققان، ئۈچ لۈكچەك ئەھۋالنىڭ چاتاق بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئالاقزادە ئىچىدە ھويلىدىن چىقىپ تاپاق يېگەن ئىتتەك يۈگۈرۈپ قاچقان.

قانۇنسىز ئۇنسۇرلار بىلەن قەتئىي تۈردە تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلىشقا پېتىنغانلار بىر جاۋ جىڭلياڭلا ئەمەس. 1996- يىل 12- ئاينىڭ 17- كۈنى كەچتە، سايباغ يېزىسىنىڭ 20- كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئۆمەر داۋۇتنىڭ ئۆيى شادلىققا چۆمگەنىدى، ئۇنىڭ ياتلىق قىلىنغان تۆت-قىزى ۋە توي قىلغان ئۈچ ئوغلى بۇ كۈنى ئاتا- ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار تاماق يەپ بولۇپ بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت 12 يېرىمغىچە قارت ئوينىغان، ئۇنىڭ باللىرى بىر- بىرلەپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكەن، 2- قىزى بىلەن كەنجى ئوغلى، كېلىنى قېپقېلىپ قونۇپ قالغان.

يېرىم كېچىدە، ئۆمەر داۋۇت غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن، ھويلىنىڭ ئىككىنچى ئىشىكى ئۇرۇۋېتىلگەن، . ئۇ: «كىم؟» دەپ ۋارقىرىغان، ئەمما جاۋاب چىقمىغان. ئۆمەر داۋۇت بۇرۇن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىن ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇش، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالغان، شۇڭا تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويغان. ئۇ دەرھال چىراقنى ياندۇرۇپ تەييارلاپ قويۇلغان كەتمەننى قولىغا ئالغان.

يۈزىنى نىقابلىۋالغان ئۈچ ئادەم ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەن. ئەڭ ئالدىدا كىرگىنى قول چىرىغىنى ئۆمەر داۋۇتنىڭ كۆزىگە يېقىپ تۇرۇۋالغان. ئۆمەر داۋۇت كەتمەننى پۇلاڭلىتىشقا ھېلىقى لۈكچەك «ۋايجان» دەپ چىقىرىشىغا قول چىراق ئۇنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. بۇ چاغدا يەنە بىر لۈكچەك ئېتىلىپ كېلىپ كەلسە - كەلمەس پىچاق تىقىپ ئۆمەر داۋۇتنىڭ سول قېشى ۋە سول بىلىكىنى زەخىملەندۈرۈپ قويغان، ئۆمەر داۋۇت ئۆيدىكىلەرنى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرغاچ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېلىشقان. پىچاق تۇتقان لۈكچەككە بىر كەتمەن تەككەن. ئاۋازنى ئاڭلاپ چىققان ئىككى قىزى ۋە ئوغلىمۇ لۈكچەك بىلەن قاتتىق ئېلىشقان.

ئۆمەر داۋۇت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جان تىكىپ ئېلىشىشى بىلەن لۈكچەكلەر ئەس ھوشىنى يوقىتىپ دەرھال قاچقان، ھويلىدا ئۇلار يۈزىنى نىقابلىۋالغان بىر دانە قارا لۆڭگە چۈشۈپ قالغان. دەرۋازا ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ يېنىدا بىر پاي ئاياق چۈشۈپ قالغان. پەقەت كۆسار كىيگەن ئۆمەر داۋۇت كەتمەن بىلەن 100 مېتىردەك قوغلىغان، ئەمما لۈكچەكلەر ئالاقزادە بولۇپ ئىگىسىز قالغان لالما ئىتتەك تۈن پەردىسى ئىچىدە قېچىپ كەتكەن. ئۆمەر داۋۇتمۇ شۇئان بالىسى ۋە كۈيئوغلىغا دېلو مەلۇم قىلىشنى بۇيرۇغان.

دېلودىن خەۋەر تاپقان ج خ ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى مۇرات چاقماق تېزلىكىدە جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىدىكى كادىر - ساقچىلارنى باشلاپ ساقچى ماشىنىسى بىلەن دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا بارغان. ئۆمەر داۋۇت ئائىلىسىدىكىلەر لۈكچەكلەرگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى قوغداپ قېلىپلا قالماي، بەلكى بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىش خىزمىتىنى ۋاقىت ۋە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەن.

نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن ھېيت كادىر - ساقچىلارنى باشلاپ پىيادە 31 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، چۈمەر ئۇۋچىلاردەك ئۆمەر داۋۇت ئائىلىسىدىكىلەر قورقىتىپ يۈرەكزادە قىلىۋەتكەن لۈكچەكلەر يول بويى قالدۇرۇپ ماڭغان ئىزلارنى ئىنچىكە ئىزدىگەن، سايباغ يېزىسىنىڭ 20- كەنتىدىن شورباغ يېزىسىغىچە، شورباغ يېزىسىدىن يېنىملىقۇم يېزىسىغىچە ئىز قوغلاپ بارغان، شۇ كۈنى كەچتە دېلو تۇغدۇرغۇچى جىنايەت گۇماندارى ئەمەت مەلات ۋە نۇر مەمەت ئابلىكىمنى يېنىملىقۇم يېزىسىنىڭ 26- كەنتىدىكى بىر تۇل موماينىڭ ئۆيىگىچە ئىزدەپ بارغان. بۇلاڭچىلىق مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان، ئۆمەر داۋۇت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغان لۈكچەكلەر بېشىنى يۈركەپ قاتتىق ئۇخلىغان، ئۇلار ج خ كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن ئىلاھى ئەسكەرلەردەك كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى قانداقمۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن، ئۇلار كادىر - ساقچىلارنىڭ شەپكىسىدىكى سۈرلۈك دۆلەت گىربى ۋە قولىدىكى ھەيۋەتلىك سىلتىقنى كۆرۈپ بوۋاشلىق بىلەن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان.

ج خ كادىر - ساقچىلىرى بەشئېرىق يېزىسىنىڭ 8- كەنتىدىكى قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىدە، لۈكچەكلەر ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشقان. ئىككى كادىر - ساقچى ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ ئۇلاردىن ئىككىسىنى بويسۇندۇرغان ھەمدە ئۇلارنىڭ قولىغا كويزا سالغاندا، ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئاتابەكرى ئابدۇجېلىل جەينىمازنىڭ ئاستىدىن بىر دانە ئىننىڭ پىچاقنى ئېلىپ ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلا توختىغا سالغان. ئابلا توختى بىلىكى بىلەن توسقاندا پىچاق ئۇنىڭ سول ئۈستى بىلىكىگە كىرىپ كەتكەن، ئوڭ قولىقىمۇ پىچاق تېگىپ كەتكەن.

ئاتابەكرى ئابدۇجېلىل قاتارلىق «تالىپ» تونىغا ئورۇنۇۋالغان قاراقچىلار كۈنىگە بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ، ئۆزىنى سادىق مۇسۇلمان دەۋالغان. ئەمما شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىمكى، ئۇلار ھەر ۋاق ناماز ئوقۇغاندا، جەينىمازنىڭ ئاستىغا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان پىچاق يوشۇرۇپ قويغان.

ھەقىقەت بىلەن رەزىللىك بەزى چاغلاردا كۈندۈز بىلەن كېچىدەك ئۇنچىلا ئېنىق بولمايدۇ، خۇددى ئىنسانىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان زەھەر- ئەپيۇن، خىروئىن باسىلىدىغان ئەپيۇنگۈل ئەڭ چىرايلىق گۈللەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندەك، جىنايەتچىلەر كۆپ ھاللاردا ئادەمنى ئەڭ قايمۇقتۇرىدىغان دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالىدۇ.

يالغىنى ھامان يالغان، ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، تۈن پەردىسى ئاستىدىكى بۇ ئىشلار ئارقا - ئارقىدىن خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى قانۇن تورىغا چۈشتى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى بەشىرىسىنى كۆرگەن سادىق مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئېچىپ تاشلايدۇ.

3. رەسۋا بولغان يالغانچىلىق

قاغىلىق ناھىيىسىدە 1996- يىل 9- ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 29- كۈنىگىچە ئارقا - ئارقىدىن 24 قېتىم بۇلاڭچىلىق دېلوسى يۈز بەردى، بۇ دېلولارنى سادىر سادىق، ئابلەت مامۇت، مەمەت تۇردى، ئاتابەكرى ئابدۇجېلىل، توختى روزى ۋە مەتياسىن ئابلەت قاتارلىق قانۇنسىز «تالىپ»لار باشچىلىقىدىكى شايكا تۇغدۇرغان. شايكىدا، ئابلەت مامۇت مۇشلىشىشنى، قورال ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشكە مەسئۇل بولغان؛ ئاتابەكرى ئابدۇجېلىل بۇلاپ كېلىنگەن نەرسە ۋە پۇلنى يىغىپ، «مالىيە باشلىقى» سادىر سادىققا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولغان، بۇ قاراقچىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سادىر سادىق پۇل، نەرسىلەرنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتىغا، خادىملارنى تەربىيىلەشكە ۋە چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئىشلەتكەن.

بارلىق جىنايى قىلمىشلار ۋە رەزىللىكلەر كۆپ ھاللاردا كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان چىرايلىق تون ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ناھايىتى ئاز قىسمى قىيپالىڭاچ قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇلاڭچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئەرزىمەس ھۈنەر ئۆگىنىۋالغان بۇ لۈكچەكلەرنىڭ ئورۇنۇۋالغان نىقابى «غازات ئۇرۇشى»دىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ۋە شايكىدىكى بىر نەچچە كاتتىۋاشنىڭ ساختا قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلايدىغان بولساق، تۈز كۆڭۈل، سەممىي نىيەتلىك ھەر بىر ئادەم ئۇلارنىڭ زادى قانداق مال

ئىكەنلىكىنى ئۆپ - ئوچۇق كۆرۈۋالالايدۇ.

بۇ بۆلگۈنچىلىك شايكىسىنىڭ «مالىيە كاتىپىشى» سادىر سادىق باشلانغۇچ مەكتەپنە 2.3 يىللا ئوقۇغان، كىچىكىدىنلا مەخپىي قۇرئان ئوقۇش ئورنىدا چالا - بۇلا قۇرئان ئۆگەنگەن، «قۇرئان» دىكى ھەقىقىي دىنىي ئەقىدىلەرنى زادىلا بىلمەيدىغان، كاللىسىغا قاچىلىۋالغىنى «يات دىندىكىلەرنى ئۆلتۈرۈش» تىنلا ئىبارەت بولغان ئادەم، ئۇنىڭ نورمال كەسپىي يوق، 1994- يىلدىن باشلاپ لوق، بەشئېرىق يېزىلىرىدا ئوغرىلىق قىلىش بىلەن جان بېقىپ كەلگەن. 1995- يىلى ياسىن مەتتۇردى بىلەن تونۇشقان، ياسىننىڭ دادىسى ئاخۇن بولغانلىقتىن، ياسىن مەكتەپتە بىر كۈنمۇ ئوقۇپ باقمىغان، كىچىكىدىن تارتىپلا قۇرئان ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتەندىكى مەخپىي دىنىي مەكتەپتە بىر يىل «بىلىم ئاشۇرغان». ئۇنىڭ قورسىقىدىكى پاسكىنا سۇ سادىر سادىقنىڭ قورسىقىدىكىدىن كۆپ، شۇڭا سادىر سادىق ئۇنىڭغا قاتتىق چوقۇنغان. 1995- يىل 8- ئايدا، ئۇلار لوق يېزىسى 2- كەنتىدىكى بىر قاقاسلىقتىكى بىر كەپىگە يىغىلىپ ئاتالمىش «ئاللا پارتىيىسى» نى قۇرغان، بۇ «ئاللا پارتىيىسى» نىڭ ئەڭ ئاساسلىق خىزمىتى ئوغرىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولغان، يىل ئاخىرىدا ج خ ئورگانلىرى تەرىپىدىن بىت - چىت قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا 18 موتسىكلىت ۋە بىر نەچچە قول تراكتورنى ئوغرىلىغان.

1997- يىل 3- ئايدا، «ئاللا پارتىيىسى» نىڭ مۇرتلىرى ئارقا - ئارقىدىن تورغا چۈشتى، ئوقيادىن ئۈركۈگەن قۇشقا ئايلىنىپ قالغان سادىر سادىق پاكىستانغا قېچىپ بارغاندا پاكىستان ساقچى تەرەپ بىز گە قايتۇرۇپ بەردى. بانچۇقچىلىق قىلىش، قاراقچىلىق قىلىش، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش سادىر سادىقنىڭ ئۆزۈنىغا بارمىغان ھاياتىدىن قېپقالغان ئىز.

بۇ لۈكچەكلەر بۇلىغىلى، تارتىۋالغىلى، تالان - تاراج قىلغىلى بولىدىغانلىكى نىشانىنى كۆرۈپ قالسا ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويمىغان. لوق يېزىسى 1- كەنتىنىڭ 1- گۇرۇپپىسىدا ئولتۇرۇشلۇق قاسىم ياسىن مۆمىن مۇسۇلمان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئارزۇ قىلىدىغىنى ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىش ئىدى. بۇ مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ يىمەي، ئىچمەي دېگۈدەك پۇل خىراجىتى يىققان، ئۇ ئۆزى، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە قوشنىلىرى، تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن بەك خۇش بولغان. بۇ ئىشتىن بۆلگۈچىلەر شايكىسى خەۋەر تاپقان. 1995- يىل 12- ئاينىڭ 14- كۈنى، بەش لۈكچەك قاسىم ياسىننىڭ ئۆيىگە «قەدەم تەشرىپ قىلىپ» ئۆينى ئۆڭتەي - تۆڭتەي قىلىپ ھەرەمگە بېرىشنى نىيەت قىلىپ يۈرگەن بۇ مۇسۇلمان تەييارلاپ قويغان پۇل خىراجىتىنى ئىزدىگەن.

بىر مۇسۇلمان ھەج قىلىدىغان مۇقەددەس جايغا بېرىش ئۈچۈن يىغىپ قويغان پۇل خىراجىتىنى بۇلاپ «غازات ئۇرۇشى» قىلىشتىن ئىبارەت بۇ سەپسەتە كىمنىمۇ ئالدىيالىسۇن؟

1996- يىل 12- ئاينىڭ 28- كۈنى، بەشئېرىق يېزىسىنىڭ بىر كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئۆيىگىمۇ يۈزىنى نىقاپلىۋالغان بىر نەچچە چاقىرىلمىغان مېھمان كىرگەن. ئۇلار خەنجەرنى ئىمام ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا تەڭلەپ تۇرۇپ: «ئاۋاز چىقىرىشساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمىز!»، «پۇل چىقىرىش، ھېچ بولمىغاندا 100 مىڭ يۈەن چىقىرىش، بولمىسا جېنىڭلارنى ئالىمىز!» دېگەن. يېرىم يىل ئىلگىرى ھەرەمگە بېرىپ كەلگەن ئىمام - ھەمدۇللاردىن قانداق قىلىپ 100 مىڭ يۈەن چىقسۇن؟ ئۇ: «مەن ئەمدىلا ھەرەمدىن قايتىپ كەلدىم، بۇ قېتىم 23 مىڭ يۈەن چىقىم قىلدىم، ھازىر ئۆيۈمدە راستىنلا پۇل يوق، كېيىنكى قېتىمدا تەييارلاپ قوياي» دېگەن. ئۆيدىكىلەرمۇ يالۋۇرۇپ: «مەن 50دىن ئاشتىم، ماڭا زىيانكەشلىك قىلماڭلار، ئۆيدە بار نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارنى ئېلىڭلار» دېگەن. لۈكچەكلەر ئۇنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ قويغان، ئايالىنىمۇ قاتتىق ئۇرغان. بىر نەچچە لۈكچەك ئىشكاپنى ئېچىپ قالايمىقان ئاختۇرۇپ، 200 يۈەننى ۋە ھويلىغا قويۇپ قويۇلغان ئىككى دانە ۋېلسىپىتنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. مېڭىش ئالدىدا يەنە ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە زەردە بىلەن تەھدىت سېلىپ: «غازات ئۇرۇشى» غا مەبلەغ لازىم بولىدۇ، سىلەر 100 مىڭ يۈەن بېرىشىڭلار كېرەك، كېلەر يىل «1- ئىيۇل» غىچە پۇلنى تەييارلاپ قويمىساڭلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز» دېگەن.

ئەمەلىيەتتە، قاغىلىق ناھىيىسىدە 1996- يىلى يۈز بەرگەن بىر قاتار بۆلگۈچىلىك دېلولىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈيدىغان بولساق، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرغىپ قىلغان «غازات ئۇرۇشى» نىڭ دىنىي نىقاپ قىلىپ خەلق بىلەن، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن دۈشمەنلىشىشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى «چۈمۈلىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتماقچى بولغىنىغا، ياچمۇەكنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغىنىغا ئوخشايدۇ». قاغىلىق ناھىيىسىدە 1996- يىلى يۈز بەرگەن بىر قاتار بۆلگۈچىلىك دېلولىرىدىكى جىنايەت گۇماندارلىرى ئارقا - ئارقىدىن قانۇن تورىغا چۈشتى، ئۇلار قانۇننىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرىغۇسى. خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسى بىلەن ئېلىشىپ كۆرۈشكە پېتىنغان بارلىق مىللىي بۆلگۈنچى ئاپانچىلار، زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق قىلغان جىنايەتچىلەر، چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەر كاتتىۋاشلىرىمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا ئاقىۋەتكە قالىدۇ!

ھ. توختى (ت)

# بىر ئائىلىدىكى قوش تىراگېدىيە



ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى 6. ئەترىتىدە ئاتا- ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئىككى ئۇسمۇر بولۇپ، ھەدىسىنىڭ ئىسمى ۋاڭ فولى، 11ياش، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ، ئىنىسىنىڭ ئىسمى ۋاڭ ۋېيجۈەن، ئىككىنچى يىللىقتا ئوقۇيدۇ. ھەر يىلى ھېيت - بايراملاردا تەرەققىيات رايونلۇق ج خ ئىدارىسىدىكى باش يىدائىلار دائىم ئۇلارغا كىتاب - ماتېرىيال، دەپتەر- قەلەمگە ئوخشاش ئۆگىنىش، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سوۋغا قىلىپ، ياخشى ئوقۇپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ. بۇنداق چاغدا ھەدە- ئىنى ئىككەيلەن كۆزلىرىدىن ئەقىل ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ، مەمنۇنىيەتلىك بىلەن باش لىڭشىتىدۇ.

بالىلىق دەۋرىدە ئاتا- ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئىنسان ھاياتىدىكى چوڭ بەختسىزلىك.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالدى؟ بۇنى بىر بەختسىز نىكاھدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاپىسى ئادەم يالاپ ئۇلارنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ئاپىسى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن جازا مەيدانىغىلاپ ئېلىپ بېرىلغان.

4. ئاينىڭ 15- كۈنى، كىشىلەر ئۈرۈمچى ناھىيىسى دىۋۇپۇ يېزىسىدىكى بىر پارچە يېدىلىكتىن ئىچىگە نەرسە قاچىلانغان بىر تاغارنى تېپىۋالدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ جەسىدى چىقتى. ج خ خادىملىرى بىلەن قانۇن دوختۇرلىرى تەكشۈرۈپ بۇ ئادەمنىڭ ئالتە يېرىگە پىچاق تىقىلغانلىقى، روشەنكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ.

بەزىلەر، يېڭى يىلنىڭ ئالدى- كەينىدە، 6. ئەترەتتىكى گو ئەبيۇننىڭ ئېرى 109- تۇەنگە قەرز سۈيلىگىلى كېتىپ يوقاپ كەتتى، ھازىرغىچە باتىرىكى، يا ئۆلىكى يوق، دەيدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى راستىنلا گو ئەبيۇننىڭ ئېرى ۋاڭ شىنىگمىدۇ؟ ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد تەرەققىيات رايونلۇق ج خ ئىدارىسىدىكى جىنايى ئىشلار كادىر - ساقچىلىرى ۋاڭ شىنىگىنىڭ ئاپالى گو ئەبيۇن ۋە قېيىن سىڭلىسى گو ئەبشېنى ماشىنا بىلەن نەق مەيدانغا ئېلىپ كېلىدۇ. گو ئەبيۇن جەسەتنى كۆرگەندىن كېيىن، سىڭلىسى گو ئەبشېنى قۇچاقلىغىنىچە يىغلاپ تۇرۇپ، تاغارنىڭ ئىچىدىكى جەسەتنىڭ دەل ئۇنىڭ ئېرى ۋاڭ شىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

جەسەتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاش دېلونى پاش قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى. نۆۋەتتە گو ئەبيۇندىن ئېرىنىڭ يوقاپ كېتىش جەريانىنى سوراش كېرەك ئىدى.

گو ئەبيۇننىڭ ئېيتىشىچە، ۋاڭ شىنىڭ 1- ئاينىڭ 1- كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئۆيدىن ئايرىلىپ 109- تۇەنگە قەرز يىغقىلى كەتكەن، ماڭغان چېغىدا جىگەر رەڭ خۇرۇم چاپان كىيىپ، قولتۇقىغا قارا رەڭلىك كىچىك سومكا قىستۇرۇۋالغان، ئىچىگە باج تالونى سېلىۋالغان. ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئۆيگە قايتمىغان. ئېرىنى ئىزلەش ئۈچۈن گو ئەبيۇن قېيىن ئاچىسى ۋە قېيىن ئىنىسى بىلەن نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ 109 تۇەن، سانجى، تۇدۇڭخابا رايونى، غەربىي ۋوگزال قاتارلىق جايلارغا بارغان بولسىمۇ، ئادەم تۇرماق ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالمىغان. ئۇلار ئۈمىدىنى ئۈزمىسىپ، ياخشىلىقتىن يامانلىقنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. 1- ئاينىڭ 22- كۈنى، ئۇلار شىمالىي ئوتتۇرا ئاسىيا يولى ساقچىخانىسىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلغان، 1- ئاينىڭ 24- كۈنى تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئىزلەش ئېلانى چاپلىغان.

قانۇن دوختۇرى تەجرىبە قىلغاندا، ۋاڭ شىنىگىنىڭ ئاشقازىنىدىن ساپلا پىنتوزا، پەمدۇر، كۆكمۈش قاتارلىق نەرسىلەر چىققان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلىنىشىچە، ۋاڭ شىنىڭ 12- ئاينىڭ 31- كۈنى ھاراق ئىچكەن، بۇنىڭغا ئاساسەن ۋاڭ شىنىگىنىڭ 1- ئاينىڭ 1- كۈنى ئەمەس، بەلكى 12- ئاينىڭ 31- كۈنى ئۆلگەنلىكىنى بېكىتىشكە بولاتتى. ئۇنداقتا گو ئەبيۇن نېمە ئۈچۈن ۋاڭ شىنىگنى 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يوقاپ كەتتى دەيدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى مەسىلىمۇ ياكى باشقا مەسىلە بارمۇ؟ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى

ئۇنىڭدىن كۆپرەك سوئال سورىمىسا بولمايتتى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ۋاڭ شىنىڭ بىلەن گو ئەيبۇن تۇرمۇش قۇرغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، مۇناسىۋىتىنىڭ ئىزچىل ياخشى بولماي كەلگەنلىكى، ۋاڭ شىنىڭنىڭ دائىم ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپ يۈرىدىغانلىقى، ئىككىسىنىڭ يات - ياتلا ئۇرۇشۇپ، جېدەللىشىپ قالىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. گو ئەيبۇن: «مەن ئۇنى ئۆلتۈرمەيمەن، مەن بىر ئايال كىشى تۇرسام ئۇنى قانداقمۇ ئۆلتۈرەلەيمەن» دەيدۇ. قانۇن دوختۇرى باھالاپ ئىسپاتلىشىچە، ۋاڭ شىنىڭنىڭ زەخمىسى قالايمىقان پىچاق سانجىشتىن پەيدا بولغان زەخمە ئەمەس، ئايال كىشىنىڭ قىلغان ئىشىغا ئوخشىمايتتى، بەلكى بۇ دېلونى ئەر كىشى سادىر قىلغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

كۆندەشلىك قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئېھتىماللىقى نەزەردىن ساقىت قىلىندى.

مال - مۈلۈكنى كۆزلەپ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئېھتىمالىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىندى.

ئەمما، گو ئەيبۇننىڭ ئۈستىدىكى گۇمان زورىيىۋاتاتتى: ئۇ ئەھۋالنى بالغاندىن مەلۇم قىلغان؛ ئۇ قىزىغا يالغان گەپ ئۆگەتكەن، ئۇ كېچىدە قەغەز كۆيدۈرگەن؛ ئىشىك بېشىغا يامانلىقتىن ساقلايدىغان قىزىل لاتا ئېسىپ قويغان؛ جەسەت تاشلىۋېتىلگەن نەق مەيدان ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىنتايىن يېقىن، گو ئەيبۇننىڭ سىڭلىسى ئىلگىرى ۋاڭ شىنىڭنىڭ زوراۋانلىقىغا ئۇچرىغان، ۋاڭ شىنىڭ بولسا بىر جىنسىي خورلىغۇچى، گو ئەيبۇن ئىلگىرى باشقىلارغا دەردىنى تۆكۈپ بەرگەن، ئىلگىرى يەنە «ياكى مەن ئۆلىمەن ياكى ۋاڭ شىنىڭ ئۆلىدۇ» دېگەن گەپلەرنى قىلغان.

گو ئەيبۇن ۋاڭ شىنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقاچقا، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە روشەن مۇددىئاغا ئىگە ئىدى.

جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئۆز كۆزىگە، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىگە ئىشىنىدۇ، ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە تېخىمۇ ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دېلو پاش قىلىش جەريانىدا نى نى دېلولارنى كۆرگەن، نى نى ئەيىبكارلار بىلەن ئۇچراشقان.

ئەمما سوراق قىلىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. نەچچە ئونقېتىملىق سوراقتا گو ئەيبۇن ۋاڭ شىنىڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قېتىم سوراق قىلغاندا، باشتىن - ئاياق يىغلاپ چىقىدۇ. سوراق قىلغۇچى خادىملار ئۇنى ئاستا - ئاستا تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇ ۋاڭ شىنىڭنىڭ ئۇنىڭ سىڭلىسىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنى، ئىككىنچى سىڭلىسىغا باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىنى، ۋاڭ شىنىڭنىڭ جىنسىي خورلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

دېلو بېجىرگۈچى خادىملار ئۇنىڭ سۆزىگە لوقما سالماي، ئۇنى داۋاملىق سۆزلىتىدۇ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ھېسداشلىق قىلىدىغان سۆزلەرنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ، ئۇنىڭغا چاي قويۇپ بېرىدۇ. ئاخىرىدا، ئۇ ھەممىنى ئىقرار قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىقرارى بىلەن ئىنتايىن كۆڭۈلسىز بىر نىكاھ، كەچۈرگۈسىز گۇناھقا پاتقان ئەبلەخنىڭ بىر گىنىشلىك ئەپتى - بەشىرىسى كىشىلەر ئالدىدا ئاشكارىلىنىدۇ.

1983 - يىلى، 20 ياشقىمۇ توشمىغان گو ئەيبۇن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ دۆۋۈپۇ 2 - ئەترىتىدىكى ئاكىسى گو يۈگمىننى ياداپ كېلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بەگگە بىلەن قېيىن سىڭىل چىقىشالمايدۇ، زىددىيەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىدۇ. گو ئەيبۇن باشقىلارنىڭ تېپىشتۇرۇشى بىلەن، 6 - ئەترەتتىكى ۋاڭ شىنىڭ بىلەن تونۇشۇپ ھېچقانچە چۈشىنىشمەيلا تۇرۇپلا توي قىلىدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي، گو ئەيبۇن ۋاڭ شىنىڭنىڭ ھاراقكەش، قىمارۋاز، ئۆي بىلەن كارى يوق ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. گو ئەيبۇن، تۇرمۇش قۇردۇق، پەرزەنتلىك بولساق ئۇ ئوڭشىلىپ قالار دەپ ئويلاپ، كۈنلىرىنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزىدۇ.

ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر قىز، بىر ئوغۇللۇق بولىدۇ. لېكىن ۋاڭ شىنىڭ يامان ئىللەتلىرىنى ئۆزگەرتمەي، يەنىلا ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپ يۈرىدۇ. ھېچكىمنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمايدۇ.

1992 - يىلى گو ئەيبۇننىڭ چوڭ سىڭلىسى گو ئەيجۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاڭ شىنىڭنىڭ ھايۋانى نەپسى قوزغىلىپ، بىر تەرەپتىن تەھدىت سېلىپ، بىر تەرەپتىن قورقىتىپ، ئاخىرى گو ئەيجۈنگە باسقۇنچىلىق قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئىش بىر يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشىدۇ. بۇ ئاچا - سىڭىل ج خ، سىياسىي-قانۇن ئورگانلىرىغا دېلو مەلۇم قىلمايدۇ. گو ئەيبۇن سىڭلىسىنى يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ.

ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ. گو ئەيجۈن ئەمدىلا شاڭسەي ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىشىگە، ئىككىنچى سىڭلىسى گو ئەيشى شىنجاڭغا كېلىدۇ. گو ئەيشى چوڭ ئاچىسى بىلەن ئىككىنچى ئاچىسىدىن ۋاڭ شىنىڭنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاچقا، ھەمىشە بۇ شەھۋەتپەرەستتىن ئېھتىيات قىلىپ يۈرىدۇ.

19 ياشلىق قىز گۈلگە ئوخشايدۇ. گو ئەيشى ئۆزى ئەقىللىق، قولى ئەپچىل بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا ساتىراچلىقنى ئۆگىنىۋېلىپ، ساتىراچخانا ئاچىدۇ، كۈندۈزى ساتىراچلىق قىلىپ ناھايىتى كەچ ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئارام ئالىدۇ. گو ئەيبۇن «ۋاڭ شىنىڭ چوڭ سىڭلىمنىڭ نومۇسىغا تەگدى، ئەمدى ئىككىنچى سىڭلىمنىمۇ بۇلغاپ قويمىسۇن» دەپ ئويلاپ، گو ئەيشىنى ھەر تەرەپتىن قانات ئاستىغا ئېلىپ يۈرىدۇ. ۋاڭ شىنىڭ گەرچە گو ئەيشىغا چىش بۇلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بېنىكلىك بىلەن قول سالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇنداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

گەرچە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئۆيدە تۇرسىمۇ، لېكىن ھەر كېچىسى ۋاڭ شىنىڭنىڭ شەھۋانىلىقى قوزغىلىپ، يات - ياتلا سىز ئىچىشنى بانا قىلىپ ئىشىكنىڭ دېرىزىسىدىن گو ئەيشىنىڭ ئۇخلاپ ياتقىنىنى مارىلاپ كۆرىدۇ. ئىشىك ئىلىپ قويۇلغاچقا، ئۇ ئامالسىز مەقسىتىگە يېتەلمەي، خوتۇنىغا غەزەپ بىلەن «ھامان مېنىڭ قولۇمدىن قۇتۇلالمايدۇ» دەيدۇ.

بولۇۋاسىڭمۇ مۆگدەپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، گو ئەيبۇن ئۆيدە

يوق بىر كۈنى گۇ ئەيشى ئۆيگە كىرىدۇ، ۋاڭ شىننىڭ يۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىشىكنى ئاقايدۇ-دە، كاپلا قىلىپ گۇ ئەيشىنى قۇچاقلىۋالىدۇ. گۇ ئەيشى جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆيدىن ئېچىپ چىقىۋالىدۇ-دە، ئۇنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

گۇ ئەيشى ئىغلاپ تۇرۇپ ئاچىسىدىن خېنەندىكى يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى ئۆتۈنىدۇ. ۋاڭ شىننىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، غەزەپ بىلەن: «نىكاھدىن ئاجرىشىدىغان بولساڭ، ئىككىڭ كېتىشىدىغان بولساڭ گۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەيدۇ. بۇ سۆزلەر ئۇلارنى شۈركەندۈرۈۋېتىدۇ.

ئاچا-سىڭىل ئىككەيلەن ھۆڭگىرەك ئېيتىپ تازا يىغلىۋېلىپ، بىر-بىرىگە تەسەللىي بېرىشىدۇ، باشقا ئامال بولمايدۇ، بەكرەك ئېھتىيات قىلىشىپ، كۈنلىرىنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزىدۇ.

بەختسىز ئىشلار ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىدۇ. ۋاڭ شىننىڭ شەھۋانىي ئالغۇ قىلمىشلىرىنى كۆرۈشكە خۇمار بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن كۆرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن گۇ ئەيىۈنگە تەقلىد قىلىدۇ. گۇ ئەيىۈن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ باققان، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكەن، لېكىن ئۇ بەرىبىر ۋاڭ شىننىڭنىڭ رەقىبى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇسىنىگە ئىشتىن كېيىن ۋاڭ شىننىڭ ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن دۇمبالايتتى.

بۇمۇ يەتمىگەندەك، ئادىمىلىكنى يوقاتقان بۇ ئەبلەخ ئۆز قىزىنىڭمۇ پېيىگە چۈشكەن. يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ قىزىنىڭ ھويلىدا يۇيۇنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گۇ ئەيىۈنگە: «بالىمىزنىڭ كۆكسىمۇ چوڭىيىپ قاپتۇ، سەنمۇ كۆردۈڭ، ئەگەر سىڭلىڭ ئۆزىگە چېقىلغىلى قويمىسا، قالغىنىنى ئۆزەڭ ئويلىۋال» دەيدۇ. شەھۋانىي ئالغۇ قىلمىشلىرى ۋاڭ شىننىڭدا ئىنسان تەبىئىتىدىن ئەسەرمۇ قويمىغان ئىدى.

قىز ئانىسىنىڭ يۈرەك پارىسى، گۇ ئەيىۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن يېرىلغىدەك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ ۋارقىرايدۇ، سوقۇشىدۇ، تىللايدۇ، لېكىن بۇ ھېچنىمىگە كار قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ۋاڭ شىننىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكىگە ئېرىشىش، سىڭلىسى بىلەن قىزىنى ئاياق ئاستى قىلىنىشتىن ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت خەتەرلىك ئوي پەيدا بولىدۇ.

گۇ ئەيىۈن بىلەن گۇ ئەيشى ۋاڭ شىننىڭنى كۆزدىن يوقىتىشنى قارار قىلىدۇ. لېكىن ئىككىسى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. ئۇلاردا ئۇنچىلىك جۈرئەتمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار يۇرتىدىكى ئىككىنچى ئاكىسى گۇ يۈگچى، ئىنىسى گۇ يۈگخۇا، چوڭ سىڭلىسى گۇ ئەيجۈندىن ياردەم سوراپ، قانچە پۇل كەتسىمۇ خېنەندىن شىنجاڭغا ئادەم ياللاپ كېلىپ، ۋاڭ شىننىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ۋاڭ شىننىڭ جېنىدىن جۇدا بولىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى ناغارغا قاچىلىنىپ، بىر پارچە بىدىلىككە تاشلىۋېتىلىدۇ. گەرچە گۇ ئەيىۈن تۇرلۇك ساختا قىياپەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ھەم ۋاڭ شىننىڭ يوقاپ كەتتى، دەپ ھەم ھەممىلا يەرگە ئادەم ئىزلەش ئېلانى چاپلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ شىننىڭنىڭ جەسىدىنىڭ بايقىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد تەرەققىيات رايونلۇق ج خ ئىدارىسىنىڭ دېلو بېجىرگۈچى خادىملىرى گۇ ئەيىۈننى ناھايىتى تېزلا زور گۇمانلىق نىشان قاتارىغا كىرگۈزىدۇ.


تولۇق دەلىل-ئىسپات ئالدىدا، ج خ خادىملىرىنىڭ ئۈزۈن ۋاقىت سوراق قىلىشى نەتىجىسىدە، ۋاڭ شىننىڭنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىشىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ، جىنايەتچى ئاخىرى تۇتۇلىدۇ.

گۇ ئەيىۈن ئېيتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ تۇت قېرىندىشىمۇ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. بۇ دېلو شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىدۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

بۇ تىراگېدىيەدىن ساقلىنىپ قېلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. مۇبادا گۇ ئەيىۈن خورلانغاندا، ۋاڭ شىننىڭ گۇ ئەيجۈنگە زورلۇق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتى كۆپ قېتىم ۋاڭ شىننىڭنىڭ دەخلى-تەرۇزىغا ئۇچرىغاندا، ئۇلار قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى قوغدىغان بولسا، ياكى ج خ ئورگانلىرىغا دېلو مەلۇم قىلىپ، قانۇننىڭ قوغدىشىنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇنداق ئېچىنارلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىقمىغان بولاتتى؛ مۇبادا گۇ ئائىلىسىدىكى بەش قېرىنداشتىن بىرەرسى قانۇن نۇقتىسىدا تۇرۇپ سۆز قىلغان بولسا، ئادەم ياللاپ ۋاڭ شىننىڭنى ئۆلتۈرۈش قىلمىشىنى توسقان بولسا، بۇ ئىش مۇنداق نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشمىغان بولاتتى.

قانۇن رەھىمسىز، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار قانۇننى بىلمىگەچكە، قانۇنغا رىئايە قىلمىغاچقا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدىن جىنايەتچىگە، ئەسلىدىكى دەۋاگەردىن جاۋابكارغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ قانلىق ساۋاقنى ھەربىر يۇقىرا قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

نەبىجان ئىبراھىم (ت)



## — خېجىڭ ناھىيىسى بايىنبۇلاق رايونىدا ھاراق ئىچىشنى چەكلەشتىن خاتىرە

بايىنبۇلاقنىڭ پاشىسىمۇ كىشىنى مەس قىلالايدۇ

كورلىدا مۇخبىرلىق قىلىۋېتىپ خېجىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يولداش جاڭ چۈنشۇ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئۇ ماڭا خېجىڭ ناھىيىسى بايىنبۇلاق رايونىدا ھاراق ئىچىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇخبىرغا قىلچە مۇبالىغە قىلماي: «ئىككى يىل بۇرۇن، بايىنبۇلاقتا يات ئادەمنى پاشا چېقىۋالسا ئۈچ كېچە-كۈندۈز مەس بولىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە «يول بىلمەيدىغان كىشىلەر بوتۇلكا بويلاپ ماڭسىلا بايىنبۇلاقنى تېپىپ كېلەلەيدۇ، بوتۇلكا بايىنبۇلاقنىڭ يول بەلگىسى بولۇپ قالغان...» دېدى. جاڭ شۇجىنىڭ ئېيتقانلىرى روشەنكى، بۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ھاراق ئىچىشتە «كامالەتكە يەتكەن»لىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىركى قاراشلار، بۈگۈنكى كۈندە بايىنبۇلاقتا ئۆتكەنكىدەك ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى قالمىغان، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلگەن، ئەلۋەتتە.

مۇخبىر ئانچە ئىشەنمىگەندەك قىلىۋىدى، جاڭ شۇجى مۇخبىرنى بايىنبۇلاققا چوقۇم بېرىپ، ئۇ يەردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىشقا قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

كورلىدىن خېجىڭ ناھىيىسىگە بېرىش سەپىرىدە، جاڭ شۇجى بايىنبۇلاقنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ھاراقكەشلىكنى شەكىللەندۈرۈپ قويغانلىقىدىكى سەۋەبنى ھەم ھاراقكەشلىكنى چەكلەشتە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ھېكايىلارنى بېرىلىپ سۆزلەپ بەردى.

بايىنبۇلاق بايلىقى دېڭىز يۈزىدىن 1100مېتىر ئېگىز، ئۇنىڭ تاغلىق رايونلىرى دېڭىز يۈزىدىن 2500مېتىر ئېگىز، قىش كۈنلىرى سوغۇق ھەم ئۇزۇن، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا48 گىرادۇسقا چۈشىدۇ. بۇ يەرنىڭ كېلىماتى ناچار بولۇپلا قالماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىمۇ خېلىلا تۆۋەن. چارۋىچىلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان، قاتنىشى قولايسىز، تاغلىقتا بىرەرمۇ ئېلېكتر چىرىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، بۇ يەردە ھايات كەچۈرىۋاتقان كىشىلەر مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، سوغۇقتا ھاراق ئىچىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان مىللىي ئادەتنى شەكىللەندۈرىۋالغان. ھەتتا ئاياللار ۋە بالىلارمۇ چوڭ پىيالىلاردا ھاراق ئىچىدۇ. ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز كىشىلەر ھاراق ئىچىپلا قالسا دائىم كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن،

بىرلا ئىغىز گەپ، بىرلا رومكا هاراق بىلەن قىزىقىپ قارشى تەرەپنى زىيانغا ئۇچرىتاتتى. هاراق ئىچكەندىن كېيىن كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. مەسلىكنە ئۇستەڭگە غۇلاپ چۈشۈپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈش، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈش، سوزۇلۇپ ئۆلۈش، قارلىق دالىدا توڭلاپ ئۆلۈش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن نامرات، ئالاھىدە نامرات ئائىلە، تول خوتۇنلار مەھەللىسىنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان.

بالغۇنتاي بازىرى ئۇلاسناي كەنتى ئاھالىسى دورجىنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى هاراق ئىچىپ رىلىسنا ئۇخلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن پويىز دەسسەپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئىككىنچى ئوغلى هاراق ئىچىپ قارلىق دالىدا يېتىپ قېلىپ توڭلاپ ئۆلگەن؛ كىچىك ئوغلى بىر ھەپتە ئۈزۈلدۈرمەي هاراق ئىچىپ ئىسپىرتتا زەھەرلىنىپ ئۆلگەن. «مەي ئادەمنىڭ كەيپىنى ئاشۇرۇپ، ئوغرىنى قورقماس قىلار» دېگەن گەپ بىر ئارمۇ يالغان ئەمەس. 1995- يىلى، ئالغۇي كەنتىدىكى چارۋىچى تۇسۇن سېرىن هاراق ئىچكەندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ ئۇخلىيالماي، باشقىلارنىڭ چېدىرلىرىغا بىرنەچچە قېتىم ئۇسۇپ كىرگەن. ئۇ بىر چېدىردا بىر ئايال بارلىقىنى كۆرۈپ شەھۋانى نەپسى قوزغالغان. ئۇنىڭ مەقسىدى رەت قىلىنغاندىن كېيىن قەھرى غەزەپكە كېلىپ ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان.

1995- يىل 2- ئاينىڭ 2- كۈنى دېھقانلار كالىندارى بويىچە 1- ئاينىڭ 3- كۈنى، بايىنبۇلاقتىكى كىشىلەر بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەن. چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ مالچىسى ئورزۇنبات كەيپى چاغ ھالدا دوستىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن. مېھماندوس ئۆي ئىگىسى ئورزۇنباتنى «ئىلى ئالىي هارىقى» بىلەن كۈتىۋالغان. ھېچقانداق زاكوسكا بولمىغان ئەھۋالدا راسا ئىچكەن. ئورزۇنبات دوستى بىلەن چالا كەيىپ ھالدا خوشلىشىپ قوشنىسى دورجىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ هاراق ئىچكەن. دورجى ئورزۇنباتنىڭ خېلىلا قىزىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ هاراق ئىچىشىنى رەت قىلالماي ئىككى رومكا هاراق قويۇپ بەرگەن. ئەمما ئورزۇنبات رومكاڭ بەك كىچىك ئىكەن، دەپ دورجىنىڭ ئۇئالغۇسىنى چېقىۋەتكەن، ئورزۇنباتنىڭ ئايىسى بىلەن سىڭلىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇنى تارتىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان. ئورزۇنبات نارازى بولۇپ يېنىدىن پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئايىسىنىڭ كۆكرىكىگە تىقىۋەتكەن. پىچاق يۈرەككە سانجىلغانلىقتىن بىچارە مومايىنىڭ كۆزلىرى قورقۇنۇچلۇق چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلغىنىچە ئۆلۈپ كەتكەن.

1995- يىل 6- ئاينىڭ 4- كۈنى، بەخت چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى مالچى نامجاب ئادەتتە يۇۋاش، چىقىشقاق، كىشىلەر بىلەن تالاش- تارتىش قىلمايدىغان، ئايالى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىغان ئادەم ئىدى. شۇ كۈنى نامجاب ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئىككى يەردە كېچىچە هاراق ئىچىپ مەس بولۇپ خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئۆيىگە قايتقان. خوتۇنىنىڭ ئۆيىدە يوقلىقىنى كۆرۈپ، قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئايالىنى ئېلىپ كېلىۋېتىپ، يولدا بىر تونۇشىغا ئۇچراپ قالغان، بىرلىكتە هاراق ئىچىشمەكچى بولغان. ئايالى: «هازىر ئۆيدە هاراق يوق، بىرىم كېچىدە نەدىنمۇ هاراق تاپقىلى بولىدۇ؟» دېگەن. ئايالىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ نامجاب بىردىنلا جەھلى تۇتقان. قان قۇيۇلغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ يۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان كىچىك سىتۇوللۇق مىلتىقنى ئېلىپ ئايالىنىڭ بېشىغا بەتلەپ ئاتقان، بىر پاي ئوق بىلەن ئايالىنىڭ مېڭىسىنى تىتىۋەتكەن.

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، نامجاب ئەسلىدە ئۈچ ئاكا - ئۇكا بولۇپ، ئاكىسى هاراق ئىچىپ ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلگەن. ئىنىسى مەسلىكتە دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن. ئۆزى بولسا ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ قانۇن تورىغا چۈشكەن. ئۈچ بىر تۇغقان قېرىنداشنىڭ ئالتى بالىسى يىغا - زار قىلىپ ياشانغان ئاتا - ئانىلىرىغا قالغان.

شار بىلەن خار ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشقان ئەر - خوتۇنلار ئىدى. تويدىن كېيىن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ كۈنلەرنى ناھايىتى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكەن. 1994- يىل 7- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ



قالغان، شار يوغان پىيالىگە هاراقنى تولدۇرۇپ قۇيۇپ بېرىم كېچىگىچە ئىچىشكەندىن كېيىن مېهماننى ئۇزۇتۇپ قويۇپ دەلدەڭشىپ ماگىزىنغا كېلىپ بىر نەچچە بوتۇلكا هاراق سېتىۋېلىپ ئۆزى يالغۇز ئىچكەن. ئايالى ئېرىنىڭ كۆپ ئىچىپ ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئىچمەسلىككە ئۈندىگەن. شار ئىنتايىن خاپا بولۇپ، ئۆزىنى كونترول قىلالماي يوغان بىر تاش بىلەن ئايالىنىڭ بېشىغا ئۇرغان. ئايالى قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن. شار مەسلىكتىن ئويغىنىپ ئايالىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قورسىقىغا پىچاق تىقىپ ئۆلۈۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ياشلىق بالىسى يېتىم قالغان.

بۇ، قېرىنداشلىرىغا قاتىللىق قىلىش دېلولىرىدىن بىر نەچچە مىسال. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1993- يىلى باينبۇلاق رايونىدا 34قېتىم جىنايى ئىشلار دېلوسى يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە هاراق ئىچىشتىن كېلىپ چىققان قاتىللىق، يارىلاندۇرۇش توپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئادەم ئۆلۈش دېلوسى توققۇز قېتىم. 1994- يىلى پۇتكۇل رايوندا يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار دېلوسى 33 قېتىم بولۇپ، هاراق ئىچىپ ئادەم ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولۇش دېلوسى 11 پارچىنى ئىگىلىگەن. هاراق ئىچىپ ئادەم ئۇرۇپ توختىتىپ قويۇلغىنى، جەرىمانە قويۇلغىنى 22 قېتىمغا يەتكەن. 1995- يىلدىن بۇرۇن، ئۆلجىت ئۆل يېزىسىدا هاراق ئىچىشتىن كېلىپ چىققان جىنايى ئىشلار دېلوسى بەش قېتىمدىن ئاشقان. 1994- يىل بىر كۈن ئىچىدىلا هاراق ئىچىشتىن بەش قېتىم زەخمىلەندۈرۈش، ئادەم ئۆلۈش دېلوسى يۈز بەرگەن.

هاراقكەشلىكنى چەكلەش مۇقەررەر بولۇپ قالغان، هاراقكەشلىك مەسىلىسى ياخشى هەل قىلىنمىسا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، هالاك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ. هاراقكەشلىك مەسىلىسىنى چەكلەشنى مۇشۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تونۇش ۋە چۈشىنىش كېرەك.

هاراقكەشلىكنى چەكلەش مۇقەررەرلىك

— جاڭ چۈنشۈ

هاراقكەشلىك توپەيلىدىن يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار دېلولىرى چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتكەن. ياپلاقتا ياشاۋاتقان هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزاقتىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن تۇرمۇش ئادىتىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىش هەرگىز مۇمكىن ئەمەسىدى. كونىلاردا «قېلىن مۇز بىر كۈندىلا قاتقان ئەمەس» دېگەن سۆز بار. ئۇنداقتا بۇ مۇزنى قانداق قىلغاندا ئېرىتكىلى بولىدۇ؟

1995- يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، كۆپ تەرەپلىمە تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش هەمدە كەڭ دائىرىدە ئىزدىنىش، هەرقايسى تەرەپلەردىن پىكىر ئېلىش ئارقىلىق، جاڭ شۇجى باينبۇلاق رايونىدا ستىخىيىلىك هالدىكى «هاراقكەشلىكنى چەكلەش تەشەببۇسنامىسى»نى كۆچىنىڭ بېرىچە بولغا قويغان هەمدە ئاممىغا ياقىدىغان، ئاممىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈدىغان زور تەدبىر- «هاراقكەشلىكنى چەكلەش توغرىسىدا بەلگىلىمە»نى بىۋاستە تۈزۈپ چىقىپ، پۈتكۈل رايوندىكى هەر دەرىجىلىك رەهبەرلەر، پارتىيە، ئىتتىپاق كادىرلىرىدىن باشلامچى بولۇپ هاراق ئىچمەسلىكنى باكى ئاز ئىچىشنى تەلەپ قىلغان. قاتلاممۇ - قاتلام هۆددىگە ئېلىپ، ئاممىغا هاراقكەشلىكنى چەكلەشنىڭ ئەهمىيىتىنى تەشۋىق قىلغان. پۈتكۈل رايون بويىچە يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجىلىك رەهبەرلەر يېزا - مەيدان، كەنتلەر ۋە ئائىلىلەرگە بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە ئاق هاراق ئىچمەسلىك؛ رايوندىكى هەردەرىجىلىك رەهبىري كادىرلار هاراق ئىچىپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارسا 300 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە جەرىمانە قويغان هەمدە ئەهۋالنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىشىگە باكى ئومۇمي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەنقىد قىلىشىغا بولىدىغان. بۇنىڭدىن باشقا، ناهىيىدىن تارتىپ رايون، يېزا، كەنت، مەيدانلارغىچە قاتلاممۇ - قاتلام يېزا قائىدىسى، خەلق ئەهدىنامىسى تۈزۈشكەن. جەمئىيەتنى هەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ناهىيىلىك پارتكوم باينبۇلاقتا ئالاهىدە ج خ ئاپپاراتى - خېجىڭ ناهىيىلىك ج خ ئىدارىسى باينبۇلاق شۆبىسىنى قۇرۇپ چىققان (تۆۋەندە شۆبە ئىدارە دەپ ئېلىنىدى)، مۇخبىر بۇ يەردە هاراقكەشلىكنى چەكلەشتە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان ئىدارە باشلىقى جاڭ گوچياڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۆرەش قىلىۋاتقان كادىر- ساقچىلارنى كۆردى.

جاڭ گوچياڭ هاراقكەشلىكنى چەكلەش توغرىسىدا مۇنداق دېدى: شۆبە ئىدارە باينبۇلاق رايونىدا دائىم دېگۈدەك ئۇرۇشۇش، جېدەل چىقىرىش، هاراقكەشلىكتىن ئادەم زەخىملىنىش، ئۆلۈش دېلولىرى يۈز بېرىپ تۇرغان. ئارىلىق يىراق بولغاچقا باشقۇرۇدىغان ئادەم بولمىغان. خەلق ئاممىسىدا بىر خىل خاتا تۇيغۇ، يەنى ئادەم ئۇرۇش چوڭ ئىش ئەمەس، بەربىر هېچكىمنىڭ كارى يوق دەپ قارايدىغان خاتا تونۇش پەيدا بولغان، نەتىجىدە هاراق ئىچىپ ئادەمنى يارىلاندۇرۇپ قويۇش ئېغىرلىشىپ كەتكەن.

ج خ شۆبە ئىدارىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى هەر تەرەپلىمە تۈزەشنى چىڭ تۇتقان، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى خىزمىتىنى كۈچەيتكەن.

ئۆتكەن يىل 6. ئاينىڭ ئاخىرى، رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ج خ قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردىن تەركىب تاپقان قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن، بۇ گۇرۇپپا يېزا ـ مەيدانلارغا بىرىپ 20 كۈن قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسى ئېلىپ بارغان. كەڭ چارۋىچىلار خېلىلا ياخشى ئۈنۈم ئالغان. قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى گۇرۇپپىسى جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامى قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنى ئاساس قىلىپ، ئەمەلىي دېلو مىساللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېزا، مەيدانلاردىكى چارۋىچىلارغا قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى. تەربىيىسى ئېلىپ بارغان ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەن. قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ج خ ئىدارىسى مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، قەرەللىك ھالدا «يايلاق قانۇنچىلىق گېزىتچىسى»نى نەشر قىلىپ، كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئويغىتىپ، چارۋىچىلارغا ھەرخىل قانۇن ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلغان. «يايلاق قانۇنچىلىق گېزىتچىسى» نەشر قىلىنىپ ھازىرغىچە 20 ساندىن ئارتۇق چىقىرىلغان، پۈتكۈل رايوندىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، كەنتلەرگە جەمئىي توققۇز مىڭ پارچە تارقىتىلغان.

ھەرخىل ۋاسىتىلار ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش نەتىجىسىدە چارۋىچىلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش، قانۇندىن پايدىلىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئاڭنىڭ ئاشۇرغان ھەم ئۇلارنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداش، چەكلەش، كونترول قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرگەن.

مۇخبىر تېخىمۇ چوڭقۇر زىيارەت قىلىش ئىستىكىدە ئولجىت ئۇل يېزىسى بىلەن بايانغول يېزىسىغا بارغان. بۇ ئىككى يېزا ھاراقكەشلىكنى چەكلەشتىن بۇرۇن ھاراق ئىچىش چېكىگە يەتكەن يېزىلار ئىدى. ھاراقكەشلىكنى چەكلەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى يېزا تۈزگەن كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسى چارۋىچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەشتە ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈم بەرگەن.

1995. يىل 4. ئايدا، بارىن ئولجىت ئۇل يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن. يەرلىكتىن ئۆسۈپ چىققان بۇ يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئالدى بىلەن تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ، 1996. يىل 1. ئايدىن 4. ئايغىچە، بارلىق چارۋىچىلارغا قارىتا 13 قېتىم سىياسى، ئىدىيىۋى تەربىيە بىغىنى، ئالتە قېتىم چارۋىچىلار ئومۇمى يىغىنى، ئۈچ قېتىم پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى، تۆت قېتىم ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنى ئاچقان. ھاراقكەشلىك، قىمار كىشىلەرنى گۇرۇپپىلارغا بۆلگەن، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى بىر گۇرۇپپىغا مەسئۇل بولۇپ ياردەم ـ تەربىيە بەرگەن، بىر ئىتتىپاق ئەزاسى ئىككى ئادەمنى كۆتۈرە ئېلىپ ياردەم ـ تەربىيە بەرگەن. ياردەم ـ تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيەتنامىسىگە قول باستۇرغان ھەمدە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مەسئۇلىيەتنامىسىنى قاتلامۇ ـ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرگەن. يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن كەنت، كەنت بىلەن ئائىلىلەر، ئائىلىلەر بىلەن شەخسلەر ئۆزئارا ئەھدىنامە تۈزۈشكەن، تەربىيە، ياردەم بېرىش مەسئۇلىيەتنامىسىنىڭ بىر ماددىسىدا خىلاپلىق قىلغانلارغا 500 يۈەن جەرىمانە قويۇلغان، بەش مىڭ دانە كېسەك قۇيدۇرغان. ئائىلە باشلىقىغا مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلغان، ئۈچ مىڭ دانە كېسەك قويدۇرغان. ئائىلە باشلىقى جەرىمانىنى تۆلىيەلمىسە ياكى ياشىنىپ قالغان بولسا، گۇرۇپپا باشلىقى ياكى كەنت باشلىقى جازالانغان. ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدە جىنايى ئىشلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار كۆرۈلسە كەنت باشلىقىغا مىڭ يۈەن، گۇرۇپپا باشلىقىغا مىڭ يۈەن، ئائىلە باشلىقىغا مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلغاندىن باشقا، يەنە مىڭ دانە كېسەك قۇيدۇرغان. ئەگەر ئادەملەر سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئاردىن بىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، قالغانلىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىغان تەقدىردىمۇ ۋاقتىدا توسمىغان بولسا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى جازالىنىپلا قالماي، خىلاپلىق قىلمىغۇچىمۇ ئوخشاشلا 50 يۈەن جەرىمانە تۆلىگەن، 500 دانە كېسەك قويغان ھەمدە تەكشۈرۈشنامە يازغان. ماجىرا يۈز بەرگەندە، مەسىلە چىققان ئورۇنمۇ بىردەك جازالانغان. مەسىلەن: بىر كىم ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقاندا، جېدەل چىقارغان، ئۇرۇشقان بولسا، جېدەل چىقارغان ئادەم جازالىنىپلا قالماي، ئاشخانا ئىگىسىگىمۇ 300 يۈەن جەرىمانە قويۇلغان.

قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىغا كېسەك قويدۇرۇش، ھاجەتخانىنى تازىلاتقۇزۇش چارۋىچىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى ئېغىر جازا، ئۇلار بۇنى يۈزىنى چۈشۈرىدىغان ئىش دەپ قارىغان. شۇڭا، قارىماققا ئىنتايىن كۈلكىلىك بولغان بۇ كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسى ئۇلار ئۈچۈن تازىمۇ مۇۋاپىق بولغان.

1995. يىلدىن ھازىرغىچە ئولجىت ئۇل يېزىسىدا بىرەر قېتىممۇ جىنايى ئىشلار دېلوسى يۈز بەرمىگەن. ھاراقكەشلەر بۇرۇنقىدەك لاغايلاپ يۈرمەيدىغان بولغان. لىخاس ئىسىملىك مالچى ئىلگىرى تازىمۇ ھاراقكەش بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ھەر كۈنى مەس پېتى ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشى ماگىزىنغا بېرىپ ھاراق ئىچىش ئىدى تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە ھاراق ئىچەتتى، ھاراق ئىچىۋالغاندىن كېيىن ھەممىلا يەرگە دوقۇرۇپ يۈرۈپ قەستەن غەۋغا تۇغدۇرۇپ يۈرگەن. لىخاسقا بىر مەزگىل تەربىيە ـ ياردەم بېرىلگەندىن كېيىن ھېلىقى ماگىزىندا ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمىغان. ئۇ چارۋىچىلىق

مەيداندا جاپالىق ئىشلەپ، 300 تۈياقتىن ئارتۇق قويغا ئىگە بولۇپ قالغان.

بايىنغول يېزىسى ھاراقكەشلىكنى تاشلىمىغۇچىلارغا بېرىدىغان جازانى ئېغىر بەلگىلىگەن، ھاراقكەشلىكنى چەكلەشنىڭ مۇناسىپ چارىسىنى تۈزۈپ چىققان. مەسىلەن: بىر قېتىم ھاراق ئىچسە كەنت تەربىيىلەش، تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىن يەنە ئىچسە، يېزىغا بېرىپ ئۆگىنىش، ئەمگەككە قاتنىشىش. يېنىكلىرىگە جەرىمانە قويۇش، ئېغىرلىرىنى15 كۈندىن 20كۈنگىچە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، كىيىك قويدۇرۇش، تاش چاقتۇرۇش، قوتان ياساتقۇزۇش، تازىلىق قىلدۇرۇش، ھاجەتخانىنى ئادالاتقۇزۇش، . . . .

بايىنغول يېزىسىدا 1994- يىلدىن ئىلگىرى ھەر يىلى ھاراق ئىچىشتىن كېلىپ چىققان ماجىرالار كۆپ بولغاندا 20 دىن ئېشىپ كېتەتتى. ھازىر بۇ يەردە ھاراقكەش چارۋىچىلار قالمىغان. 3- چوڭ ئەترەتتىكى لامان 1985- يىلى كەنتنىڭ تۇمۇر چارۋا تۈزۈمى بىلەن 300 تۈياق قوينى ھۆددىگە ئېلىپ% 50تىنى سېتىپ ھاراق ئىچىپ تۈگەتكەن. 1987- يىلى كەنت قويلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان، لامان باشقىلارغا كۈنلۈك ئىشلەپ جان باققان. قويلىرىدىن، ئىقتىسادىي مەنبەدىن ئايرىلىپ قالغان، نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان لامان ئازغىنە تۇرمۇش خىراجىتىنىمۇ ھاراق ئىچىشكە سەرپ قىلغان. يېزا بىر نەپەر كادىرنى مەخسۇس ئۇنىڭغا تەربىيە - ياردەم بېرىشكە ئاجراتقان. لامان بېرىم يىل ئىچىدە ئاستا - ئاستا ئويغىنىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كەنت رەھبەرلىرىگە ئۆزگۈرۈپ ياخشى ئادەم بولۇدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ گېپىنىڭ راست - يالغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، كەنت رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا: «ئەگەر بىر يىل ئىچىدە ھاراق ئىچمىسەڭ مالنى ھۆددىگە بېرىمىز، بىر قېتىم ھاراق ئىچىپ قويساڭ بەرمەيمىز» دېگەن. لامان بىر يىل ئىچىدە زادىلا ھاراق ئىچمىگەن. 1995- يىلى كەنت لامانغا 250 تۈياق قوتازنى ھۆددىگە بەرگەن ئىككى يىل ئىچىدە قوتازلار 800گە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 375 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، لامانىڭ شەخسىي كىرىمىمۇ 100 مىڭ يۈەندىن ئاشقان. كوچىلاردا قالايمىقان يېتىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ قالمىغان، جىنايى ئىشلار دېلولىرىمۇ يىلدىن - يىلغا ئازايغان. 1995- يىلى پۈتكۈل رايوندا ھاراق ئىچىشتىن كېلىپ چىققان قاتىللىق، زەخىملەندۈرۈش دېلولىرى جەمئىي يەتتە قېتىم يۈز بەرگەن. (كۆپ قېتىملىقى ھاراقكەشلىكنى چەكلەشتىن بۇرۇن يۈز بېرىپ، ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىدىن % 55 تۆۋەنلىگەن). 1996- يىلى پۈتكۈل رايوندا بىرلا قېتىم قاتىللىق دېلوسى يۈز بەرگەن، بىر ئادەم ئۆلۈپ، بىر ئادەم يارىلىنىپ، ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىدىن % 50 تۆۋەنلىگەن. 1997 - يىلدىن ھازىرغىچە، رايون بويىچە بىر قېتىممۇ جىنايى ئىشلار دېلوسى يۈز بەرمىگەن.

ناھىيىلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بويىچە بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىنغان، ناھىيىلىك پارتكوم سېرىق تاختاي ئېسىپ ئاگاھلاندۇرغان بايىنبۇلاق رايونى 1995- يىلى، 1996- يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. ھازىر بايىنبۇلاق جەمئىيىتى مۇقىم، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان، خەلق ئاممىسى خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان جايغا ئايلاندى.

مۇخبىرنىڭ مۇلاھىزىسى

بىرىنچى، جۇڭگونىڭ ھاراق مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. لى بەينىڭ: «شاراپ ئىچىپ بولدۇم كەيپ، بوقاتتىم ئەقلى ھوشۇمنى» دېگەن مىسرالىرى ھازىرغىچە كىشىلەر ئارىسىغا تارىلىپ يۈرمەكتە. ئىنچىكە ئويلىساق، ھاراق ئانچە يامان نەرسىمۇ ئەمەس. ھاراق ئاشلىقنىڭ جەۋھىرى، ساپ، تەملىك، سالامەتلىككە پايدىلىق، ئۇ ئادەمنى تېتىكلەشتۈرىدۇ. بۇ، ئۇزاق تەجرىبىلەردىن كەلگەن بەكۈن. لېكىن، ھاراق كىشىنىڭ چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈپ ياشارتىدۇ، دېگۈچىلەرمۇ بارئىكەن. ھاراقنى ئىنسانلار ئارىسىغا سېلىنغان دوسنلۇق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. تونۇش - بىلىشلەر توپلانغاندا بىر رومكا ھاراق بولسىلا ئارىدىكى چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ چاغدا ھاراق كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى بىر - بىرىگە باغلايدۇ. ھاراق ئىچكەندە ئادەم روھلىنىدۇ، تېتىكلىشىپ قالىدۇ. ھاراق ئىچكەندە ئۆلپەت ياخشى بولمىسا بولمايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، غەزەپ - نەپرەتنى پارتلىتىپ ئادەمنى ئازابلايدۇ.

ئىككىنچى، بايىنبۇلاق خەلقى خىلمۇ - خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياخشى ھاراق ئىستېمال قىلىش مۇھىتىنى يارىتالمىغان. ھەددىدىن ئارتۇق جېدەل چىقىرىپ مەس بولۇپ يۈرۈشتەك ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. ھاراقكەشلىك كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە، خىزمىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئائىلە، قوشنىلار ئارىسىدىكى ئىناقلىققا، جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئۈچىنچى، ھاراقكەشلىك ئېغىرلاشقاندا قېرىنداشلار، دوستلارنى نابۇت قىلىشتەك ياجىئە، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، ھاراق ھەددىدىن ئارتۇق ئىچىلگەندىن كېيىن قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىلىرىمۇ ئاز كۆرۈلگەن ئەمەس. كىشىلەر ھاراقكەشلىكنىڭ پايدا - زىيىنىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، دەل ۋاقتىدا «ھاراقكەشلىكنى چەكلەش بەلگىلىمىسى»نى چىقاردى. كەنت ئاھالىلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسىنى تۈزدى، بۇ، چارۋىچىلارنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس نەرسىگە ئايلاندى.

بۈگۈنكى كۈندىكى بايىنبۇلاقنى بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. يايلاقتىكى كىشىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە گۈللەپ ياشنايدىغانلىقى ۋە قۇدرەت تاپىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئەخمەت راخمان(ت)

# نامسىز تېلېفون كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەنىڭ سىرى

بىيقىندا، بىر نەچچە قېتىملىق نامسىز تېلېفون باشقىلارنىڭ نام-ئابرۇيىنى بۇلغاپلا قالماي، بەلكى بىر قېتىملىق يامان خاراكتېرلىك زەخىملەندۈرۈش دېلوسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ دېلونى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىر يىرىگە ئىنتىرىپ بىر تەرەپ قىلمىغانلىقتىن، يامان خاراكتېرلىك ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى يۈز بەرگەن؛ دېلونىڭ جەريانى مۇرەككەپ پاجىئەلىك بولۇپ يۈرەكنى جىغىلدىتىدۇ. يۈرەكنى قاتتىق ئېچىشتۇرىدىغىنى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ جىنايەتلىك مۇساپىسىدۇر.

1996.يىل 2.ئاينىڭ 29.كۈنى، شىمالىي جاڭسۇدىكى مەلۇم شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى جاڭ خەيمېيگە مۇددەتلىك 15يىللىق قاماق جازاسى بەردى. جاڭ خەيمېينىڭ يۈرىكى بىلىنەر بىلىنمەس ئېچىشتى، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى يامان چۈشكە ئوخشاش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشقا باشلىدى...

1. بالايىئاپەتنىڭ ئۇز ئېچىدىن چىقىشى، يىتنە ئېغۋانىڭ باشقىلارنى رەنجىتىشى، پاجىئەنىڭ ئۇچۇپ كېلىشى

1993.يىل 2.ئاينىڭ ئاخىرىقى مەلۇم بىر كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە، مەلۇم ئاشلىق دۇكىنىنىڭ بوغالتىرى ۋاڭ خەيىڭ قىزى شاۋنا بىلەن



كەچلىك تاماقنا ئولتۇرۇشقا تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفوندا بىر ئايال ھەسەت قىلغاندەك تەلەپپۇزدا: «ئېرىڭ بىلەن جاڭ خەيمېي قەدىناسلاردىن بولۇپ قاپتۇ» دېگەن.

ۋاڭ خەيىڭ ئېرى فۇنەيىپىڭ مەلۇم زاۋۇت تىجارەت بۆلۈمىنىڭ دىرىكتورى ئىدى، جاڭ خەيمېي بولسا تىجارەت بۆلۈمىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ، ئىككىسى بىر ئىشخانىدا ئىشلەيتتى. جاڭ خەيمېي تۇغۇتتىن كېيىن تېنى ئاجىزلاپ كەتكەچكە بەزى ۋاقىتلاردا بالىسىنى دەپ ئىشقا سەل كېچىكىپ كېلەتتى ياكى ئىشتىن سەل بالدۇر قايتاتتى. فۇنەيىپىڭ ئۇچۇن بۇ چۈشىنىشلىك ئىدى. جاڭ خەيمېي فۇنەيىپىڭ بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغانلىقى، يەنە كېلىپ زاۋۇت رەھبەرلىكىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، بەزىلەر ھەسەت قىلىپ ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولسا كېرەك.

نامسىز تېلېفوننى قوبۇل قىلغان ئاخشىمى، ۋاڭ خەيىڭ ئېرىدىن ئاشنىسى بار-يوقلىقىنى سۈرۈشتۈرگەندە، فۇنەيىپىڭ ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن. ئەمما، نامسىزتېلېفون بەرگەن ھېلىقى ئايال بەتلا توختاپ قالماي، ۋاڭ خەيىڭگە كۆپ قېتىم تېلېفون بېرىپ، فۇنەيىپىڭ كۆڭۈل ئېچىش رايونىدا ئۆي ئىجارە ئالدى، ئۆيدە ھەممە نەرسە تەل، تېلېفون ئورناتتى، ئۆي خىزمەتچىسى ياللىدى، فۇنەيىپىڭ بىلەن جاڭ خەيمېي دائىم بىرگە يۈرىدۇ، بەزىدە بىر كىچىك ئوغۇل بالىنى يېتىلەپ كېلىدۇ، بۇ بالا چوقۇم ئىككىسىنىڭ نىكاھسىز تاپقان بالىسى، دېگەن.

بۇ يامان غەرەزلىك نامسىز تېلېفون ۋاڭ خەيىڭنىڭ جاڭ خەيمېيگە بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغىغان. بىر قېتىم، فۇنەيىپىڭ مال زاكاس قىلىش يىغىنى ئېچىپ بىر ھەپتىدەك ئۆيىگە قايتالمىغان. بۇنىڭ ۋاڭ خەيىڭ ئېرىنىڭ جاڭ خەيمېي بىلەن راستىنلا «ئاشنىدارچىلىق» مۇناسىۋىتى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئىشەنگەن. ئۇ ھەرىكەت قوللىنىپ «ئۈچىنچى شەخس»نىڭ ئاجاۋۇز» چىلىقىغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان. بىر كۈنى، ئۇ جاڭ خەيمېينىڭ ئېرى خۇاڭ چېڭدېغا تېلېفون بېرىپ، فۇنەيىپىڭ بىلەن جاڭ خەيمېينىڭ «ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت»نى «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» قىلغان، خۇاڭ چېڭدې پىسەنت قىلمىغان، ئايالىغا ئىشەنگەن. كېيىن، ئۇ ۋاڭ خەيىڭنىڭ ئۆيىگە ئالايىتەن كېلىپ، ۋاڭ خەيىڭگە سەمىمىي ھالدا: ئاچا، يىتنە-ئىغۋاغا ئىشىنىپ ئۆزىڭىزنى ئازابلىماڭ، گۇماننى تۈگىتىش ئۈچۈن، جاڭ خەيمېينىڭ خىزمىتىنى دەرھال يۆتكىۋېتىمەن، ئۇ يۆتكىلىپ كەتسىلا يىتنە-پاساتلار شۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كېتەر، دېگەن.

ئەتىسى، خۇاڭ چېڭدې ئايالىنىڭ خىزمىتىنى يۆتكىۋېتىش يولىنى مېڭىشقا باشلىغان.

1993.يىل 3.ئاينىڭ 2.كۈنى كەچتە، ۋاڭ خەيىڭ بىلەن فۇنەيىپىڭ

بەنە بىر قېتىم جىددىيلىشىپ قالغان. ۋاڭ خەيپىڭ فۇنەيپىڭدىن جاڭ خەيمىي بىلەن زادى مۇناسىۋىتىڭ بارمۇ-يوق، دەپ سورىغان. فۇ نەيپىڭ خاپا بولۇپ: «مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋىتىم بار، قانداق؟ قانداق چۈشەنسەڭ شۇنداق قىل»دەپ قولىنى سىلكىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن. بۇ چاغدا، ئۇ بۇ گەپنىڭ خوتۇنى ئۈچۈن ئەجەللىك زەربە ئىكەنلىكىنى تولۇق مۆلچەرلىمىگەن.

1993-يىل 3-ئاينىڭ 3-كۈنى چۈش سائەت 12دە، ۋاڭ خەيپىڭ ئۆزىنىڭ «ئۆچ ئېلىش» ھەرىكىتىنى باشلىغان. ئۇ سىڭلىسى، ئىنىسى ۋە ئىنىسىنىڭ ئابالى قاتارلىقلارنى باشلاپ ۋېلسىپىت بىلەن جاڭ خەيمىي تۇرۇشلۇق زاۋۇتقا كەلگەن.

ۋاڭ خەيپىڭ جاڭ خەيمېينى كۆرۈپلا: «سېنىڭ فۇنەيپىڭ بىلەن زادى ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىڭ بارمۇ-يوق؟» دەپ سورىغان. جاڭ خەيمىي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «يوق!» دەپ جاۋاب بەرگەن. ۋاڭ خەيپىڭ، «ئېتىراپ قىلماسلىققا جۈرئەت قىلالامسەن؟» دەپ سورىغان، جاڭ خەيمىي «قەتئىي مۇناسىۋىتىم يوق، نېمىنى ئېتىراپ قىلغۇدەكمەن؟» دەپ جاۋاب بەرگەن. ۋاڭ خەيپىڭ ئەلپازىنى بۇزۇپ: «مەن دېگەندەك قىلىڭلار!» دەپ ۋاقىرىغان-دە، قىڭغىراقنى ئېلىپ جاڭ خەيمېينى چاپقان. ھېچقانداق قوغدىنىش تەييارلىقى بولمىغان جاڭ خەيمېينىڭ باش، يۈز قىسمى ئۈچ يەردىن زەخىملەنگەن، سول يۈز قىسمى تەخمىنەن 8سانتىمېتىر توغرىسىغا زەخىملەنگەن، يارا ئېغىزى ئېتىشقا ئۈلگۈرۈپ قالغان، قان ئېقىشقا باشلىغان. ۋاڭ خەيپىڭ ھەمراھلىرى بىلەن جاڭ خەيمېينى ئۇرۇشقا، تېپىشكە باشلىغان، دېرىزە ئەينەكلىرىنى چاققان، ئىشخانا بويۇملىرىنى چېچىۋەتكەن، ئىش ئۈستىلىنى ئۆرۈۋەتكەن، نوخۇلىسى بەكمۇ ئۇسۇپ كەتكەن. جاڭ خەيمېينىڭ شارپىسى، كۆڭلەكلىرى قان بولۇپ كەتكەن. ئۇ ھوشىدىن كەتكەن. تىجارەت بۆلۈمىدىكى بولداشلار ۋە بىر نەچچە ئىشچى نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ جاڭ خەيمېينى قۇتقۇزۇپ چىقىپ، ئەتراپىكى بىر بۆلۈمگە يوشۇرۇپ قويغان. زاۋۇت قوغداش بۆلۈمىدىكى بىر بولداش ۋاڭ خەيپىڭنىڭ قولىدىكى قىڭغىراقنى تارتىۋالغان، ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلار سېخلارنى، ئىشخانىلارنى ئاقتۇرۇپ جاڭ خەيمېينى ئىزدىگەن. پۈتكۈل زاۋۇتنى بىر مەھەل قالايمىقانچىلىق قاپلاپ كەتكەن. ۋاڭ خەيپىڭ جاڭ خەيمېينىڭ «ئىستىل»مەسىلىسىنى داۋراڭ سېلىپ «جاڭ خەيمېينى چىقىرىپ بېرىڭلار!» دەپ چالۋاقىغان ھەمدە ئىشىك، دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىۋەتكەن. بىراق ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى ئەينەك تىلىۋەتكەچكە ئەتراپتا تۇرغانلار ئەقىل ئىشلىتىپ: «تېزرەك دوختۇرخانىغا بېرىپ قولىڭىزنى تاڭدۇرمىسىڭىز قان كۆپ چىقىپ كەتسە ھاياتىڭىز خەتەرگە ئۇچرايدۇ!» دېگەن. ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلارنىڭ قامال قىلىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىشچىلار جاڭ خەيمېينى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ماشىنا بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپارغان.

2. ئادالەت ئىزدىگەن كاككۇكنىڭ تۈندىكى زارى

ج خ شۆبە ئىدارىسى تېلېفون ئارقىلىق دېلو ھەققىدە مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغان ھامان نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ سۈرەتكە تارتقان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن ئالاقىدار خادىملاردىن ئەھۋال ئىگىلىگەن، قاتىللارنى كېچىلەپ ئىز قوغلاپ تۇتۇش خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن. 3-ئاينىڭ 4-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋاڭ خەيپىڭنىڭ ئىنىسى، ئابالى قولغا چۈشكەن ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان. كېيىن ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلار قولغا چۈشكەن. قايتا-قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلار دېلو سادىر قىلىش جەريانىنى تاپشۇرغان. ج خ شۆبە ئىدارىسى ئادەم توپلاپ مۇشىنلىشىش، ئەنەي چاتاق چىقىرىشنىڭ لۈكچەكلىك جىنايىتى دېلوسىنى دەرھال تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەيىبلەشكە يوللىسا نامامەن بولاتتى، لېكىن ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلار قولغا ئېلىنمايلا قالماي، بەلكى ئۇزۇن ئۆتمەي مەسىلىسى تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلگەن. ئۇ زادى قانداق «ئەڭگۈشتەر»نىڭ ياردىمىگە تايىنىپ مەقسىتىگە يېتەلىگەن؟ ئۇ نام ئابرويلۇق بىرنەسىنىڭ كۈچىگە تايانغان. بېرنەسى ئابالىنىڭ يۈزىنى دەپ فۇنەيپىڭ قاتارلىقلار ئۈچۈن نائىلاج مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ قويغان. ئارقىدىنلا فۇنەيپىڭ بىرنەسىنىڭ يۈزى بىلەن يولۋاسنىڭ ھۆركىرەپ تەرەپ-تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ «ئاكتىپ ھەرىكەت» قىلغان، چوڭ دېلونى كىچىك دېلوغا ئايلاندۇرۇش بولىدا كۈچىنىڭ يېتىشىچە پالاقشىغان. ئابالى قاتارلىقلار بەنىلا قانۇنىي جازاغا تارتىلماي ئەركىن يايراپ يۈرگەن.

1993-يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرى، جاڭ خەيمىي ئەر-خوتۇن ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلارنىڭ كېپىللىككە قويۇۋېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىگەن. ئۇلار شەھەرلىك سىياسىي-قانۇن كومىتېتىغا بىر پارچە ئەرز يېزىپ، جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ، قانۇن ئارقىلىق قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەي، سىياسىي-قانۇن كومىتېتى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا: «ئەگەر ئەھۋال راست بولسا، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك»دەپ تەستىق سالغان. 1993-يىل 5-ئاينىڭ 24-كۈنى، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ خەيمېينىڭ خېتىنى تەستىقلاپ ج خ شۆبە ئىدارىسىغا يوللاپ بەرگەن، شۆبە ئىدارە ئىچكى قوغداش بۆلۈمچىسى شۇ كۈنىلا دېلو ھەققىدە دوكلات يېزىپ چىققان. دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: «جاڭ خەيمېينى زەخىملەندۈرۈش دېلوسىنى تەھقىقلەش ئاخىرلاشتى، ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلار كېپىلگە بېرىۋېتىلدى». زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى جاڭ خەيمىي دوختۇرخانىدىن چىققان بولسىمۇ، لېكىن يارىنى يارا ساقىيىپ 3ئايدىن ئالتە ئايغىچە ئاندىن بېكىنىشكە بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە بولغاچقا، جاڭ خەيمېينىڭ زەخىمىسىنى قانۇن دوختۇرى باھالىمىغان(باھالاپ بېكىتىش دېلونىڭ



خاراكتېرىنى بېكىتىشتىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل) . قانۇن دوختۇرى باھالاپ بېكىتكەندىن كېيىنلا ئاندىن قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغىلى بولاتتى.

1993-يىل 6-ئاينىڭ 16-كۈنى، تەۋە رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى جاڭ خەيمېينى ۋە ئۇنىڭ كېسەل تارىخى قاتارلىق ماتېرىيالنى ئېلىپ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغا بېرىپ، قانۇن دوختۇرىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىگە ھاۋالە قىلغان.

1993-يىل 6-ئاينىڭ 14-كۈنى، ج خ شۆبە ئىدارىسى رەھبەرلىرى بۇ دېلونى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلغان، يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر ئەگەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جاڭ خەيمېينى ئېغىر زەخىملەنگەن دەپ بېكىتسە، جاۋابكارلارنى دەرھال قولغا ئېلىشقا بولىدۇ، ئەگەر يېنىك يارىلانغان دەپ بېكىتسە، جىنايى ئىشلار بويىچە بىۋاسىتە دەۋا دېلوسىغا كىرىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا سوتقا ئەرز قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىش كېرەك، دېگەن بىردەك پىكىرگە كەلگەن. 1993-يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنى، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جاڭ خەيمېينىڭ زەخىملىنىشى توغرىسىدا جىنايى ئىشلار ئىلمىي تېخنىكا باھالاشنامىسى چىقىرىپ، «ئۇنىڭ يۈز قىسمى يېنىك زەخىملەنگەن، يۈزىنىڭ بىر تەرىپى ئېغىر دەرىجىدە» دەپ يەكۈن چىقارغان. 1993-يىل 6-ئاينىڭ 28-كۈنى، تەۋە رايونلۇق ج خ ئىدارىسى بۇ يەكۈننى جاڭ خەيمېيگە ئۇقتۇرغان ئىدارىمىز ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇردى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە جىنايى ئىشلار بويىچە بىۋاسىتە ئەرز سۇنسا بولىدۇ، دېگەن. جاڭ خەيمېي ئەر-خوتۇن قاتتىق غەزەپلىنىپ: سىلەر باھالاش نەتىجىسىگە قارىساڭلار بولمايدۇ، ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ قەبىھلىكىنى نەزەردە تۇتمىدىڭلار، ئۇلار كۈپ كۈندۈزدە زاۋۇتقا بۆسۈپ كىرىپ غالجىرلىق بىلەن قاتتىق قىلدى، قانۇن-ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۇلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك! » دېگەن دېلو بېجىر گۇچىلەر: زەخىمە ئۆستىدىكى باھالاش يەكۈنىنى ئېنىراپ قىلىمىز، باشقا ئىشلارغا قۇربىمىز يەتمەيدۇ، دېگەن. جاڭ خەيمېي ئەر-خوتۇن ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەھۋال ئېيتىپ ئادالەت ئىزدەپ، مەنزىلى ئۇزۇن مۇساپىنى باشلىغان.

ئۇلار ئالدى بىلەن رايونلۇق سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ دېلو تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلارنى قوبۇل قىلغان سوتچى دېلو ماتېرىيالى ۋە زەخىملىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى سۈرەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن: «سىلەر قايتىپ بېرىپ كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن مەھكىمە باشلىقىغا دوكلات قىلىپ باقاي» دېگەن. جاڭ خەيمېي ئەر خوتۇن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتىپ كېتىشكەن. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنە بارغاندا، ھېلىقى سوتچى: «سىلەر ئەرز قىلىمىز دەۋاتىسىلەر، ئاغزاكى بىر نېمە دېسەڭلار، پاكىت بولمىسا بولمايدۇ، تەپسىلىي دەلىل-ئىسپات بولۇشى كېرەك. مۇنداق بولسۇن، سىلەر ج خ شۆبە ئىدارىسىگە بېرىپ، دېلوغا دائىر ئارخىپ ماتېرىيالىنى ئېلىپ كېلىڭلار، بولمىسا دېلو تۇرغۇزالمايمىز» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن جاڭ خەيمېي ئەر-خوتۇن ج خ ئىدارىسىغا بارغان. ئۇلارنى قوبۇل قىلغان ساقچى: «بولمايدۇ! دېلوغا ئائىت ئارخىپ ماتېرىيالى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنى سىلەرگە قانداقمۇ بەرگىلى بولسۇن؟! بەلگىلىمە بويىچە سوت مەھكىمىسى دېلونى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئالاقە ئارقىلىق دېلوغا دائىر ئارخىپ ماتېرىيالىنى ئالدۇرسا ياكى ئادەم ئەۋەتىپ ئېلىپ كەتسە بولىدۇ» دېگەن. ئۇلار يەنە بىر ئاز ئۈمىد بىلەن سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ، ئۇلاردىن ئوتتۇرىغا چىقىپ دېلوغا دائىر ئارخىپ ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشنى تەلەپ قىلغان. سوتچى : «بىز ئوتتۇرىغا چىقىپ دېلوغا ئائىت ماتېرىيالنى ئالساق قولايلىق بولمايدۇ، سىلەر دېلو تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن ئارخىپ ماتېرىيالنى ئۆزەڭلار ئېلىپ كەلگىنىڭلار تۈزۈك» دېگەن. جاڭ خەيمېي ئەر-خوتۇن ئائىلاج ج خ شۆبە ئىدارىسىغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ مىققا ئۇسۇۋالغان، سوت مەھكىمىسى يەنە بىر قېتىم رەت قىلغان. . .

فۇنەيپىڭ جاڭ خەيمېينىڭ ئىرادىسىدىن قىلچە قايتماي سىياسىي-قانۇن تارماقلىرىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىپ، ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلارنى قانۇن بويىچە جازالاشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ كۆپ قېتىم جاڭ خەيمېيگە تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ بەزى ئىشلار توغرىسىدا يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ، پۇل بېرىپ بولسىمۇ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان، لېكىن ئۇنىڭ تەلىپى كەسكىن رەت قىلىنغان.

كېيىن سوت مەھكىمىسى ئۇلارنى بىۋاسىتە جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسىگە ئەرز سۇنۇشنى ئۇقتۇرغان. جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسىنىڭ سوتچىسى ئۇلارنىڭ ئەرزىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ: «بۇ دېلونى بىۋاسىتە ئەرز قىلىش دېلوسى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلماسلىق كېرەك، بۇ ئادەتتىكى بېنىك زەخىملەندۈرۈش دېلوسى بولماي، بەلكى تېپىك لۈكچەكلىك جىنايىتى دېلوسىكەن. ج خ ئىدارىسى قانۇن بويىچە فاتتىق جازالىشى كېرەك. ئەگەر بىۋاسىتە ئەرز قىلىش دېلوسى بولسا، زىيان تارتىپ قالىسىلەر، بىۋاسىتە ئەرز قىلغان دېلولاردا يېنىك زەخىملەندۈرۈش جىنايىتىگە كۆپ بولسا ئۈچ يىل مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ» دېگەن. جاڭ خەيمېي ئەر-خوتۇن: «بىز زىيان تارتىدىغانلىقىمىزنى بىلەتتۇق، بۇنى بىۋاسىتە ئەرز قىلىنغان دېلو بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىڭلارنى سورايمىز» دېگەندە، سوتچى: «بولمايدۇ، ئەگەر ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بولغان دېلونى سوت قىلساق خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، خاتا دېلو بېجىرىپ قويغان بولىمىز، كېيىن جاۋابكارلىقىمىز سۈرۈشتۈرۈلىدۇ،بىز بۇ جاۋابكارلىقنى ئۈستىمىزگە ئالالمايمىز» دېگەن. ئۇلار سوتچىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ج خ شۆبە ئىدارىسىغا يەتكۈزگەندە، ئالاقىدار ساقچىلار: «سوت مەھكىمىسى لۈكچەكلىك جىنايىتىگە كىرىدۇ، دېگەن بولسا، ئۇنداقتا سىلەر ئۇلاردىن يازما ئىسپات ئېلىپ كېلىسەڭلار بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. سوتچى: «بىزنىڭ مۇنداق قىلىش ھوقۇقىمىز يوق، ئۇنداق قىلساق مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدۇ» دېگەن. جاڭ خەيمېي ئەر خوتۇن رايونلۇق سىياسىي-قانۇن كومىتېتىغا بارغان. سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: «رايونلۇق شۆبە سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشلىقىنى ئىزدەڭلار» دېگەن. ئۇلار سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى ئىزدەپ تاپقاندا، ئۇ: «شەھەرنىڭ رايونلىرى تەكشەلدى، سىلەرنىڭ بۇ دېلو مەھكىمىمىزگە قارىمايدۇ. سىلەر يېڭى تەۋە رايونلۇق سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ ئەرز سۇنساڭلار بولىدۇ» دېگەن. جاڭ خەيمېي ئەر-خوتۇن بۇ گەپنى ھاڭ-تاڭ قالغان. ئۇلار بىر يىلدىن بۇيان نۇرغۇن تارماقلارغا بارغان، كۆپ بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتكەن. لېكىن ئۇلار جىنايەتچىلەرنىڭ قانۇنىي جازاغا تارتىلماي ئەركىن يايراپ يۈرۈشىگە تەن بەرمىگەن. ئۇلار بەزى كىشىلەرنىڭ قولىنىڭ ھەممىلا يەرگە يېتىشىگە زادىلا ئىشەنمىگەن. بىر مەھەل قايغۇرۇپ ئۇن-تىنسىز يۈرگەندىن كېيىن، 1995-يىل 4-ئايدا، يېڭى شەھەر رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە جىنايى ئىشلار دېلوسى بويىچە ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلار ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى، ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەتكۈزۈپ بېرىشنى، مەنىۋى جەھەتتىن جازالاش ئارقىلىق نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. سوت مەھكىمىسى 4-ئاينىڭ 28-كۈنى بۇ دېلونى قوبۇل قىلغان.

3. سەۋر قاچىسى تېشىپ كېتىش، قانغا بويالغان كېچە

ۋاڭ خەيپىڭ ئەر-خوتۇن سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىر مەھەل تەمتىرەپ قالغان. ئۇلار ئەسلىدە ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن ئىلگىرىكى بۇ كونا دېلونى ئاللىقاچان تاشلاپ قويۇلدى، دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە، جاڭ خەيمېي نائىلاج ئۇلارنى جىنايى ئىشلار دېلوسى بويىچە بىۋاسىتە ئەرز قىلغان، بۇ ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلارغا ناھايىتى پايدىلىق بولغان. ئەمما ئۇلار يەنىلا تەن بەرمىگەن. ئاخىرقى ھېسابتا پەقەت ئىككى يولغا مېڭىشنى قارار قىلغان، بىرى، فۇنەيپىڭنىڭ ئابرويلۇق يېزىنىسى رايونلۇق سوت مەھكىمىسىگە «خەۋەرلەندۈرۈپ» قويۇش، يەنە بىرى، فۇنەيپىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ جاڭ خەيمېيدىن كەچۈرۈم سوراش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۆلەم تۆلەپ، ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. فۇنەيپىڭنىڭ يېزىنىسى رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىغا تېلېفون بېرىپ «قاراپ قويۇش»نى تەلەپ قىلغان. سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. 1995-يىل 5-ئاينىڭ 29-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋاڭ خەيپىڭ سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ سوراقنى قوبۇل قىلغان. سوتچى ھەققانىيەت مەيدانىدا تۇرۇپ جىددىي ھالدا: «سەن ئادەم تويلاپ قەستەن ئادەم ئۇرۇپ زەخىملەندۈردۈڭ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۈستۈڭلاردىن ئەرز سۇنۇپ جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. سوت مەھكىمىسى يېقىندا سوت ئېچىپ سىلەرنى سوت قىلماقچى، سوتقا ئۆز ۋاقتىدا كېلىسەن، قېچىپ كېتىشكە بولمايدۇ» دېگەن. ۋاڭ خەيپىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېرىنى تېز ھەرىكەت قىلىشقا ئالدىراتقان. ئۆزىنىڭ بۇ «يوقىلاڭ كونا دېلونى» دەپ تۇرمىگە قېلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. فۇنەيپىڭ بۇيرۇق بويىچە جاڭ خەيمېينىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ يۈزمۇ-يۈز سۆزلىشىشكە يۈتۈشكەن. كۆرۈشكەن ھامان فۇنەيپىڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى يالغان-ياۋىداقىتىن تىللاپ كەتكەن ۋە «ۋاڭ خەيپىڭ پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ، ئۇ ئالدىڭىزغا بېرىپ كەچۈرۈم سورىماقچى، تىزلىنىپ باش ئۇرسامۇ مەيلى، دەيدۇ، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇنىڭ كۆزى كىچىك، ھەسەتخور، ئۇنى بولدى قىلىۋەتسەڭ» دېگەن. جاڭ خەيمېي قەتئىي ھالدا «ئۇنداق قىلالمايمەن!» جاۋاب بەرگەن فۇنەيپىڭ: «مەن زاۋۇتنى ھۆددىگە ئالدىم، ساڭا كۆپرەك پۇل تۆلەپ بەرسەم ياكى سېنى شارائىتى ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسام، ۋاڭ خەيپىڭنى ئاۋارە قىلمىساڭ قانداق» دېگەن. جاڭ خەيمېي: «پۇل دېگەن قانچىلىك نەرسىدى، 80مىڭ، 100مىڭ يۈەن پۇل بەرسەڭمۇ پاكلىقىمنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيسەن، خىزمەتنى ئالماشتۇرۇشقا كەلسەم. نەگىلا ئالماشقىنىم بىلەن يۈزۈمدىكى مۇنۇ تارتۇقنى ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ، ماڭا كىم زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، شۇ قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىشى كېرەك!» دېگەن. فۇنەيپىڭ: مىڭ يۈەننى ئالدىن ئېلىپ تۇرغىن، ئاڭلىسام، بۇ دېلونى مۇرەسسە ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ،

دېگەن. جاڭ خېيمېي ئۇنىڭ پۇلىنى رەت قىلىپ، كەسكىنلىك بىلەن: «مەسلىھەتلىشىدىغان ھېچنېمە يوق. مەن سوت مەھكىمىسىگە پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ قويدۇم، مۇرەسسە قىلىشقا ھەرگىز قوشۇلمايمەن» دېگەن.

دېلو يۈز بېرىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن، فۇنەيپىڭ قىزىنىڭ ئالدىدا: «نانا، ئاپاڭنىڭ ئىككى يىل كېسىلىپ كېتىلىشىنى خالامسەن؟» دەپ سورىغان. فۇنا شۇ ئان: «ياق خالىمايمەن! ئاپامنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قېلىشىغا يول قويمايمەن!» دېگەن. قىزىنىڭ جاۋابىدىن قەتئىيلەشكەن فۇنەيپىڭ بارلىق ۋاسىتە ۋە بەدەل تۆلەش ئارقىلىق بولسىمۇ ئابالىنى قانۇننىڭ جازاسىدىن ساقلاپ قېلىشقا بەل باغلىغان.

1995-يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنىنىڭ فۇنەيپىڭنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان. ئۇ چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن ئاشقاندا، مەلۇم ماددى ئەشيا تەمىنلەش ئورنىدا ئىشلەيدىغان بىر ئاغىنىسىغا «دەۋا»دىكى باش ئاغرىقنى ئېيتىپ بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭدىن جىددىي ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنگەن. ھېلىقى ئاغىنىسى: «سىياسىي-قانۇن ساھەسى»دە بىر ئاغىنەم بار، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشسەكلا ئىش ھەل بولىدۇ، دېگەن. گۇگۇم چۈشكەندە، ئۇچەيلەن مەلۇم رېستوراندىكى يۇمىلاق شىرە ئەتراپىدا يىغىلىپ بىر پەس رومكا چېقىشتۇرغاندىن كېيىن، «سىياسىي-قانۇن» ساھەسىدىكى ھېلىقى ياش: بىرىنچىدىن، «جىنايى ئىشلار بويىچە بىۋاسىتە دەۋا قىلىنغان دېلولارنى مۇرەسسە قىلىشقا بولىدۇ، ئىككىنچىدىن، دەۋاگەر ئەرزىنى قايتۇرۇۋېلىشى لازىم، بۇ ئەڭ ياخشى ئامال، ئەرزنى قايتۇرۇۋېلىش ھەممە ئىشنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. جاۋابكارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىمۇ سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. تۆلەم تۆلەشمۇ ھاجەتسىز؛ ئۇنىڭ ئەرزنى قايتۇرۇۋېلىشنى قولغا كەلتۈر، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئۆز جايىدا ئاياغلىشىدۇ» دېگەن. فۇنەيپىڭ بۇنى ئاڭلاپ ئارقا-ئارقىدىن «دانا تەدبىر ئىكەن» دەپ قۇۋۋەتلىگەن.

كەچ سائەت يەتتىدىن ئاشقاندا، فۇنەيپىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ: «بۈگۈن كەچ نەنجىڭغا خىزمەتكە بارىمەن» دېگەن. سائەت دەل 12دە ئابالى بىلەن خوشلاشقان. چاقىرغۇسى بىلەن يان تېلېفوننى، داتلاشماس مىنالدىن ئىشلەنگەن «خوجايىن ئىستاكانى»نى ئېلىۋالغان. ئۇ تاكسى ئىچىدە يان تېلېفون بىلەن جاڭ خېيمېينىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ: ئۆيۈڭگە بارىمەن، دېلو ئىشى توغرىلىق سۆزلىشىپ باقساق» دېگەن. جاڭ خېيمېي ناھايىتى چۆچۈپ: «بولمايدۇ، ئۆيۈمگە كەلمە، گېپىڭ بولسا تېلېفوندا دېسەڭ بولىدۇ» دېگەن. فۇنەيپىڭ ئارىسالدى بولۇپ: «تېلېفوندا دېيىشكە ئەپسىز، سەن بىلەن يۈزمۇ-يۈز سۆزلەشمەكچى» دېگەن. جاڭ خېيمېي تېلېفوننى ئۈزۈۋەتكەن. فۇنەيپىڭ يەنە تېلېفون بېرىپ: «مەن ئۆيىڭگە كېتىۋاتىمەن» دېگەن. جاڭ خېيمېي «شۇنچە كەچ بولۇپ كەتكەن تۇرسا، كېلىپ نېمە قىلماقچى سەن؟ سەن بىلەن سۆزلەشكۈدەك ھېچ ئىش يوق» دېگەن-دە تېلېفوننى قويۇۋەتكەن، ئەمما تېلېفون يەنە جىرىڭلىغان.

شۇندىن كېيىن 37 مىنۇت ئىچىدە، فۇنەيپىڭ جاڭ خېيمېيگە ئارقا-ئارقىدىن 12 قېتىم تېلېفون بەرگەن، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مەقسىتىگە يەتمىگۈچە نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرۇپتۇ. جاڭ خېيمېي فۇنەيپىڭنىڭ ئىشىكنى چەككەنلىكىنى ئاڭلىغان، ئىشىكنى ئۇرۇۋەرسە قوشنىلىرىم ئويغىنىپ كېتىپ يامان تەسىر پەيدا قىلىپ قويىدۇ، دەپ ئويلاپ ئىشىكنى ئېچىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ زور پاجىئە باشلانغان. ئۇ ناھايىتى تېز لا جاڭ خېيمېينىڭ قولىدا ئۆلگەن.

جاڭ خېيمېينىڭ ج خ ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرغان ئاساسلىق جىنايەت جەريانى: فۇنەيپىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن ئۆيدە جاڭ خېيمېيدىن باشقا ئادەم يوقلىقىنى كۆرۈپ ئىككىلەنمەيلا ياتاق ئۆيىگە ئۇدۇل كىرىپ، ئېلىۋالغان «خوجايىن ئىستاكانى» بىلەن ئۈچ قاپ تاماكىسىنى شىرەگە تاشلاپ قويۇپ، تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەككەندىن كېيىن: «جاڭ خېيمېي، سەن يەنىلا ئەرزىڭنى قايتۇرۇۋالغىنىڭ تۈزۈك، ۋاڭ خېيپىڭنىڭ پوزىتسىيىسى ياخشى سەندىن كەچۈرۈم سورىسا ھەمدە زىيىنىڭنى تۆلەپ بەرسىلا، سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا جازا ھۆكۈم قىلالمايدۇ» دېگەن. جاڭ خېيمېي ئىرادىسىدىن قىلچە يانماي: «ئەرزىڭنى قايتۇرۇۋالمىساڭ ۋاڭ خېيپىڭ ھېرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ. سەن ئۇنى ئارام قويمىساڭ ئۇمۇ سېنى ئارام قويمايدۇ، مەنمۇ ساڭا ئارام بەرمەيمەن، قوشۇلمىساڭ قايتىپ كەتمەيمەن» دېگەن-دە، مۇتىھەملىكى، لۈكچەكلىكىنى ئاشكارىلاپ كۆڭلىكى بىلەن ئىشتىنىنى سېلىۋەتكەن. ئۇچىسىدا كۆسارلا قالغان، يېنىدىن ئۆتكۈر پىچاقنى ئېلىپ پوپۇزا قىلغان ۋە تەھدىت سالغان. جاڭ خېيمېيگە پىچاق تەڭلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا باشلىغان، جاڭ خېيمېينىڭ كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىغان، شىددەت بىلەن دېۋەيلەپ كەلگەن، كارنىيىنى چىڭ سىققان. بۇ چاغدا جاڭ خېيمېي ئاقىۋەتنىڭ تېخىمۇ يامان بولۇشىدىن ئەنسىرىگەن. ئۇ ئىككى يىل بۇرۇن ئۇنىڭ ئابالى ئادەم باشلاپ كېلىپ مېنى ئۇرغان، ماڭا پىچاق سالغانىدى، ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ شەرمەندە ئەبلەخ پىچاق كۆتۈرۈپ ماڭا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، ناۋادا ئۇ مېنى ھاقارەتلىسە ياكى ئۆلتۈرۈۋەتسە، نام-ئابرويۇمنى بۇلغىۋەتسە، بۇنىڭغا كىم گۇۋاھ بولىدۇ؟ مېنى كىم ئاقلايدۇ؟ بولمايدۇ، مەن ئۇنىڭغا يەنە بوزەك بولماسلىقىم كېرەك جاڭ خېيمېينىڭ قەلبىدىكى قورقۇنۇشنىڭ ئورنىنى غەزەپ-نەپرەت ئىگىلەشكە باشلىغان. ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ياتقان فۇنەيپىڭ ھىمايىچىم بار، دەپ قىلچە تەپ تارتماي: «ئەرزىڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا قوشۇلمىساڭ كىمنىڭ نەس باسىدىغانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ!» دېگەن. جاڭ خېيمېي پۇرسەت تېپىپ بالكونغا چىقىپ پىۋە ساندۇقىنىڭ ئاستىدىن بىر بولقىنى

ئېلىپ ھۇجرىغا كىرگەن، ئۇ قوللىرى ئىختىيارسىز قۇ نەيىكنىڭ بېشىغا كۆتۈرۈلگەن. بىخارامان ئولتۇرغان قۇ نەيىك بولقىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن شىددەتلىك تېگىشى بىلەن تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنىچە «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىغان. ئۇ ئۇنىڭ ئۆلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پىچاقنى تارتىۋېلىپ قۇ نەيىكنىڭ كۆكرىكىگە تىقىپ غالجىرلىق بىلەن ئۈچ ئالغان، ئۇنىڭ باش، يۈز قىسمىغا شىددەت بىلەن قاتتىق ئۇرغانلىقتىن باش ئېغىر زەخىملىنىپ نەق مەيداندا ئۆلگەن. قۇ نەيىك ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر دىن - بىر ئويلىغىنى ئېرى ۋە بالىسىغا نەق مەيداندىكى پاجىئەنى قەتئىي كۆرسەتمەسلىك، قان پۇرىقىنى پۇراتماسلىقتىن ئىبارەت بولغان. لېكىن جەسەت يەنىلا قان ئىچىدە ياتقاچقا ئۇنى قانداق يوقاتقىلى بولسۇن؟ ئۇ ئەندىشە ئىچىدە جەسەتنى يوقىتىپ ئىز قالدۇرماسلىق خىيالىغا كەلگەن ۋە ئاز كۆرۈلىدىغان جەسەتنى پارچىلاش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن.

چۈشتىن كېيىن، خۇاڭ چېڭدې قايتىپ كېلىپ ئۆيگە كىرىپلا ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغان. ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىدە قىڭغىراق ۋە پىچاق تۇرغان، قازناق قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، جاڭ خەيمېي كەسكەن لۆڭگە پارچىسى، بوتقان قېپى، كىرلىك قاتارلىق نەرسىلەر قالايمىقان تاشلىنىپ ياتقان. خۇاڭ چېڭدې ئازراق غەلىتىلىك ھېس قىلغان - دە، ياتاق ئۆيگە كىرىپ كىرسىلو ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان بىر ئەر كىشىنىڭ كىيىم - كېچىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى جەزىم قىلغان. ئۇ ئاشخانا ئىشىكىدە تىكىرقاپ تۇرغان جاڭ خەيمېيگە ۋارقىراپ: «ئېيتقىنە، زادى نېمە ئىش بولدى!» دەپ سورىغان. جاڭ خەيمېي ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك: «قۇ نەيىك كەلگەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. خۇاڭ چېڭدې ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا خاتا ھالدا قۇ نەيىك ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئوخشايدۇ دەپ ئۆت ئەتراپنى ئاختۇرغان، ئۇ ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپلا قانغا بويالغان ئادەم بېشىنى كۆرگەن. ئۇ ۋەھىمە باسقان ھالدا: «ئۇنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا، جاڭ خەيمېي: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. خۇاڭ چېڭدې: «ھەي، خەيمېي، ئىش تېرىپ قويۇپسەن، بۇ ئائىلىنى پۈتۈنلەي سەن ۋەيران قىلىدىغان ئوخشايسەن، بولىدىغان ئىش بولۇپ بوپتۇ، بىز دەرھال ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلايلى!» دېگەن جاڭ خەيمېي بېشىنى لىڭشىتىپ، ئېرىگە ئەگىشىپ سۈكۈتكە چۆمگىنىچە ئۇدۇل ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ساقچىخانىغا بارغان.

**4. سوت مۇنازىرىسى، ھېسسىيات كەچۈرگەن بىلەن قانۇن كەچۈرمەيدۇ**

جاڭ خەيمېي ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ جىنايەت پاكىتلىرىنى تەپسىلىي تاپشۇرغاندىن كېيىن سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دېگەن: «مەن قانۇننىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلىشنى خالايمەن، ئەمما سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ئىككى يىل بۇرۇن يۈزۈمنى چېپىپ چىرايىمنى بۇزۇۋەتكەن ئىشنى ئېنىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئادىل ھەل قىلىپ بەرسە ئۆلسەممۇ پۇشايمان قىلمايمەن» دېگەن. 6- ئاينىڭ 4- كۈنى، جاڭ خەيمېي جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلغان؛ 6- ئاينىڭ 13- كۈنى رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قولغا ئېلىنغان؛ 7- ئاينىڭ 16- كۈنى شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەيىبلىگەن؛ 7- ئاينىڭ 18- كۈنى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ئوچۇق سوت ئېچىپ دېلونى سوت قىلغان.

سوت ئېچىلغان كۈنى، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتخانىسى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان.

ئىككى يىل ئىلگىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بۈگۈنكى كۈندە جاۋابكارغا ئايلانغان. باش سوتچى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى، نەق مەيدان تەكشۈرۈش خاتىرىسى، جىنايى ئىشلار ئىلمىي تېخنىكا باھالاشنامىسى ۋە قانۇن دوختۇرىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، سوتتا تەكشۈرۈشنىڭ ئاخىرلىشىپ مۇنازىرە باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى جاكارلىغان.

تەكشۈرۈش ئەمەلدارى ئوقۇپ ئۆتكەن ئەيىبلەش سۆزى بىلەن سوتخانىدا جاراڭلىق، كۈچلۈك سادا كۆتۈرۈلگەن: جاۋابكار جاڭ خەيمېي قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن. ۋاسىتىلىق سەۋەبىنى قارىغاندا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئايالى ۋاڭ خېيىڭ نامسىز تېلېفونغا تايىنىپ، يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، ئادەم باشلاپ سەۋەبسىزلا جاڭ خەيمېيغا پىچاق تىقىپ، ئۇنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان. ۋەقەدىن كېيىن ھېچقانداق قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللانمىغان. بۇنىڭ بىلەن جاڭ خەيمېينىڭ كۆڭلىدە ئۆچ ئېلىش ئۇرۇقى پەيدا بولغان. بىۋاسىتە سەۋەبىنى قارىغاندا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قۇ نەيىك بېرىم كېچىدە كىرىپ ئۇنى ئەرزىنى قايتۇرۇۋېلىشقا قىستاپ، جاڭ خەيمېينىڭ غەزىپىنى قوزغىغان. ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قاتىللىق قورالى – بولقىنى تاللىۋالغان. زەربىگە ئۇچرىغىنى ئادەمنىڭ مۇھىم ئورگانلىرى بولغان. قول سېلىش دەرىجىسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان، يەنە كېلىپ باش قىسمىغا بولقا بىلەن 30دىن ئارتۇق ئۇرغان. بۇنىڭدىن جاڭ خەيمېينىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىن قەستەن قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، جاۋابكار جاڭ خەيمېينىڭ قىلمىشى دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپ بىرلىككە كەلگەن جىنايەت بېكىتىپ جازا ئۆلچەش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن. شۇڭا ئۇ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن. . .

يولنى بىراق كۆرمەي ئالايىتەن نەنجىڭدىن كەلگەن باش ئادۋوكات

ئارقىدىنلا ئاقلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. . .

قىز نەيپەك كىيىملىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن سېلىۋېتىپ ھەمدە قولىدىكى ئۈتكۈر پىچاقنى يۇلاڭلىتىپ جاۋابكار جاڭ خەيمىيىنىڭ ئالدىغا كەلگەن. جاڭ خەيمىيىنىڭ ئىپپەت نومۇسى ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان، ئۇ ھېچقانداق چېكىنىش يولى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، قىز نەيپەكنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بۇ ئۇزىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان، ۋاسىتىسىلا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ قىلمىشى قوغدىنىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشكە كىرىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىز نەيپەك دېلو سادىر بولغان ئاخشىمى مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا بارغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە زورلۇق كۈچ ئىشلەتكەن، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تەييارلانغان. بىرىنچى، ئۇ ئۆتكۈر پىچاق ئېلىۋالغان؛ ئىككىنچى، ئۇ 30 مىنۇت ئىچىدە يان تېلېفونى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن 12 قېتىم تېلېفون بەرگەن، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ رەزىل مەقسىدىگە يېتىشكە بەل باغلىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ: ئۈچىنچى، قىز نەيپەك ئايالىنى ئالداپ شۇ كېچىسى ماشىنا بىلەن ئەنجەڭگە بارىمەن دېگەن، مەقسەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ نەق مەيداندا يوقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ساختا قىياپەت پەيدا قىلىش، ۋاھالەنكى، ئۇ ئۈچ قاپ تاماكا ئېلىۋالغان، شۇ كېچىسى ھەممىنى چېكىپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن جاڭ خەيمىيىنىڭ ئائىلىسىدە «مەقسەتكە يەتكەن»دىن كېيىن، ۋاقىت پەرقىدىن پايدىلىنىپ ئەنجەڭدىكى ئاغىنىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋالماقچى دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولىدۇ. ئۇ، ئايالى ۋە ئەنجەڭدىكى ئاغىنىسىنى گۇۋاھلىققا تارتماقچى، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، سىز تامچىلىسىمۇ تېشەلمەيدىغان ئامال بىلەن قانۇننىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغان؛ تۆتىنچى، قىز نەيپەك تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ قىزىغا مەن ئۆلگەندىن كېيىن «ماتەم مۇزىكىسى» قويۇپ ئەسلەپ تۇر دېگەن، شۇ كېچىسى سائەت 12دە ئۆيىدىن چىققاندا ئايرىلىشقا كۆزى قىيماۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن، ئۇ ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشلارنىمۇ ئالدىن ئالا ئويلاپ قويغان ھەمدە ھېچ نېمىگە قارىماي تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ ھەممىنى بىر يولىلا دوغا تىكىۋېتىشتىن ئىبارەت روھىي تەييارلىقنى قىلىپ قويغان؛ بەشىنچى، قىز نەيپەك ئايالىنى قانۇنىي جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، مەقسىتىگە يەتمىگىچە توختاپ قالماسلىق نىيىتىگە كەلگەن. ئۇ ئالدى بىلەن سىلىق سىپايىلىق بىلەن ئالدىغان، ئالداش كار قىلمىغاندىن كېيىن تەھدىت سالغان، قىستىغان: بىر ھىلىسى ئىشلىمىسە يەنە بىرىنى ئىشقا سالغان، قەدەممۇ ـ قەدەم ئەۋجىگە چىققان، ھەتتا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، پىچاق كۆتۈرۈپ، ئالدى بىلەن روھىي جەھەتتىن جاڭ خەيمىينى بېسىم بىلەن بويسۇندۇرماقچى بولغان؛ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، مۇبادا جاڭ خەيمىي ئۆزىنى قوغدىمىغان بولسا، قىز نەيپەك زورلۇق كۈچ ئىشلەتكەن، ھەتتا پىچاق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئىزىنى يوقىتىۋەتكەن بولاتتى. جاڭ خەيمىي ئەينى چاغدا ئىنتايىن پايدىسىز ئويېيكتىپ مۇھىت ۋە شارائىت ئاستىدا تۇرغان. قورقۇنچ ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئۇنىڭغا كۆتەرگىلى بولمايدىغان روھىي بېسىم ۋە ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق بېسىم ھېس قىلدۇرغان؛ ئۇ ئەينى چاغدىكى ئالاھىدە ئەھۋالدا، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىشىشقىلا توغرا كەلگەن، بولمىسا ۋەقەنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش قىيىن ئىدى، جاڭ خەيمىيىنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئەينى چاغدىكى ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھەرقانداق قورال، ۋاسىتە تاللاپ ئۆزىنى قوغداش ئىمكانىيىتى يوقىدى. ئۇ بولغا بىلەن قىز نەيپەكنى 30 قېتىمدىن ئارتۇق ئۇرغان، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاداۋەتنىڭ پارتلاپ چىقىشى ئىدى. بۇ، ھەققانى غەزەپنىڭ چېكىگە يېتىشى ئىدى. ئۇنىڭ تاقىتى ـ تاق بولغانىدى. . .

1996- يىل 2- ئاينىڭ 29- كۈنى، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 132-، 63-، ۋە 52- ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە تۇۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقارغان: جاۋابكار جاڭ خەيمىيغا مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ سىياسىي هوقۇقىدىن بەش يىل مەھرۇم قىلىش.

سوتچى ئۇنىڭدىن ھۆكۈمگە قايىل بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ بىر ئاز ئۇمىدۋارلىق بىلەن يۇقىرىغا ئەرز سۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلغان. 1996- يىل 3- ئاينىڭ 26- كۈنى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرزنى رەت قىلىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلىش كېسىمى چىقارغان.

كىشىلەر يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان بۇ پاجىئەنى ئەسلىگەن چېغىدا، ئەينى ۋاقىتتا جاڭ خەيمىينى خالىغانچە زەخملەندۈرۈپ ۋە ھاقارەتلەپ قانۇنىي جازاغا تارتىلماي ئەركىن يايراپ يۈرگەن ۋاڭ خەيپىڭ قاتارلىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن، ئۇلار ئوخشاشلا قانۇننىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

سەل قاراشقا بولمايدىغىنى شۇكى، نامسىز تېلېفون بېرىپ بۇ بىر مەيدان پاجىئەنىڭ قارا پەردىسىنى يايغان ھېلىقى ئايالچۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزى ئوت تۇتاشتۇرغان ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىك پەۋقۇلئاددە زور پاجىئەدىن خەۋەرسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇ قانداق تەسىراتقا كەلگەندۇ؟ ئۇنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق نامسىز تېلېفونى قىز نەيپەكنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، جاڭ خەيمىيىنىڭ پەزىلىتىنى بۇلغىدى، جىسمانىيىتىگە زىيانكەشلىك قىلدى. ئېھتىمال ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەڭگۈ پېتىنالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا سەل ـ پەل ۋىجدانلا بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ ئازادە ھېس قىلالمايدۇ ھەمدە مەڭگۈ پۇشايمان قىلىدۇ.

ئەخمەت راخمان (ت)

## گوما ناھىيىسىدە «3. بەش يىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرى ئابلىمىت مۇھەممەتنىڭ گومىدىن بەرگەن خەۋىرى: گوما ناھىيىسى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، «2. بەش يىللىق»قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ناھىيە بويىچە «3. بەشيىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى.

ناھىيىلىك سىياسىي - قانۇن كومىتېتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسىدىكى كادىرلار يېزا - بازارلارغا بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كەنت كادىرلىرىنى، دىنىي زاتلارنى، يەككە سودا-سانائەتچىلەرنى ۋە كەڭ دېھقانلارنى «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»، «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»، «مەمۇرىي ئىشلارغا قايتا قاراپ چىقىش نىزامى» ۋە يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملار بىلەن تەربىيىلىدى. بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ يەنە «نىكاھ قانۇنى»، «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»، «يېقىنقى بىلىش قانۇنى» قاتارلىق كۆپ قوللىنىلىدىغان قانۇنلارنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، دېلو مىساللىرى ئارقىلىق كەڭ دائىرىدە چۈشەندۈرۈپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

## گوما ناھىيىسىدە دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن بويىچە باشقۇرۇلماقتا

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرى ئابلىمىت مۇھەممەتنىڭ گومىدىن بەرگەن خەۋىرى: گوما ناھىيىسىدە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بولۇپمۇ ناھىيە بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرىدىن 526نى قۇرۇپ چىقىپ، دىن باشقۇرۇش خادىملىرىنى 1578 ئادەمگە يەتكۈزدى. ھەر قايسى كەنتلەردىكى دىن باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

دىنىي زاتلارنىڭ مىللەت - دىنغا دائىر قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1996-يىلدىن بۇيان، دىنىي زاتلارنى بەش قارار ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى. بۇنىڭ بىلەن دىنىي زاتلارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش، ۋەتەننى سۆيۈش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

«ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»-گە ئاساسەن، پۈتۈن ناھىيىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملىدى ۋە دىن تارقىتىش، دىن ئۆگىتىشتە «لاياقەتلىك گۇۋاھنامە»سى يوق تۇرۇپ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىدىن ئىككىنى ئىنقىلاپ چىقتى ۋە قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. ئەستىقسىز سېلىنغان ئىككى جايدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى چېقىپ تاشلىدى.

# قىسقا خەۋەرلەر

چىرا ناھىيىسى دامىكو يېزىلىق پارتكوم جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزا ساقچىخانىسى، خەلق سوتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 35 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ تۆت ئېغىز ئىشخانا سېلىپ بېرىپ، ھەقسىز 17 مىڭ يۈەنلىك ياغاچ بېرىپ، بىردىن موتسىكلىت ئېلىپ بېرىپ، خىزمەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلدى.

روزى توختى داۋۇت

گۇما ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، خەلق ئەسكەرلىرىگە بولغان سىياسىي، ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەترەتلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، قەرەلسىز چارلاش، كېچە - كۈندۈز دېجورنىلىق قىلىش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ناھىيىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ياخشى ۋەزىيەت ياراتتى.

ئابلىمىت مۇھەممەت

گۇما ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىشتىن بوشىتىلغان جادىملارنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. سىياسىي - قانۇن، سىياسىي كېڭەش كادىرلىرى بۇ جادىملارنى ھۆددىگە ئېلىپ ئەتراپلىق تەربىيىلىدى، ئۇلارنىڭ تۈرمۈشىغا كۆڭۈل بۆلدى. قايتىدىن ئادەم بولۇشىغا يېقىندىن ياردەم بەردى، ئىدىيىۋى تونۇشىدا بۆرۈلۈش ھاسىل قىلدى.

ئابلىمىت مۇھەممەت

باي ناھىيىسى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە تۆرلۈك مەسئۇلىيەتنامىلارنى ئىمزالاپ، دىنىي زاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش، ئارخىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىدى، دىنىي زاتلارنىڭ سىياسىي مەيدانى، پوزىتسىيىسىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، لاياقەتلىك ئىمام - خاتىپلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى، مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈردى.

ھەسەن ئابدۇۋېلى

****************

## مۇھىم تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 8-سان 7-بەت، 2-ئىستون تۆۋەندىن يۇقىرىغا 15-قۇردىكى «زەھەرلىك» دېگەننى «رەھبەرلىك» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇغۇچىلارنى سورايمىز.

تەھرىردىن

# ھەققىي مۇھەببەت غەپلەتتە قالغان روھنى ئويغۇتالىدى

گورۋي



ناخشىچى، مۇزىكانتنىڭ چىن، سەمىمىي مۇھەببىتى ئايال ناخشا چولپىنىنىڭ ئەسەبىيلەشكەن روھىنى ئويغىتالمىدى؛ ئايال ناخشا چولپىنىنىڭ قەدەممۇ - قەدەم چۈشكۈنلىشىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى پۇلنىڭلا ئازدۇرۇشى ئەمەس ئىدى. بۇ چىن مۇھەببەت بىلەن رەزىللىكنىڭ كۈچلۈك سېلىشتۇرمىسى، ئالىيجاناپلىق بىلەن پەسكەشلىكنىڭ روشەن كۆرۈنۈشى يۈرىكىڭىزنى پۈكۈلدىتىدۇ. سىزنى كىشىلىك تۇرمۇش يولىدا قانداق مېڭىشىڭىز توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ...

— تەھرىردىن

شەرەپلىك ھالدا خۇبېي ئۆلكىسى، ھەتتا مەملىكەت بويىچە چوڭ - چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ئايال ناخشا چولپىنى لى خۇڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات جەريانىدا سەرخىللاشتۇرۇش تۈپەيلىدىن خىزمەتتىن چېكىنگەن، باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشقا تەن بەرمىگەن، ئۇ پۇلنى دەپ، ئۆزىنى ھەققىي سۆيگەن ئېرىگە خىيانەت قىلىپ، گۇاڭجۇغا بېرىپ توختام تۈزۈشكەن ناخشىچى، ھۆددىگە ئېلىنغان ئايال بولۇپ، قەدەممۇ - قەدەم غەپلەتكە پاتقان. ئۇنىڭ ئاچچىق، ئەگرى - توقايلىقتا تولغان بۇ ئاستە كەچۈرمىشلىرى ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان بەزى قىزلارنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ.

نام چىقىرىشقا تەشنا بولۇش، بىر ئەر ئۇنىڭ ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بېرىش

1984- يىلى 6- ئايدا، لى خۇڭ مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ناخشا - مۇزىكا فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، خۇبېي ئۆلكىسىدىكى مەلۇم ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ ئۆز تالانتى ۋە كېلىشكەن قەددى - قامىتىگە تايىنىپ، بىر نەچچە يىل قاتتىق تىرىشىپ ئۆلكە بويىچە، ھەتتا مەملىكەت بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ناخشىچى بولۇپ چىقىشقا تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد باغلىغان. يېرىم يىلدىن بېرى — ناخشا، ئۇسسۇل ئۆمىكى بېيجىڭغا بېرىپ ئويۇن قويۇش ياكى ئۆلكە، شەھەرلەردە چوڭ تىپتىكى بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزگەندە، لى خۇڭ قوشۇمچە رول ئالغاچقا ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىمەن دەيدىغان ئۈمىد - ئارزۇلاردىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ بىئارام بولغان. ئۇ ئۆمەكتە داڭ چىقىرىش ئۈچۈن، يا نام - ئاتاقتا، خىزمەت ستاژىغا، يا ئائىلە شارائىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە، يا تەخسىكەشلىككە، پۇرسەتپەرەسلىككە تايىنىش كېرەكلىكىنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يەتكەن، غەربىي خۇبېينىڭ تۇجيا مىللىتىدىن كېلىپ چىققان مۇشۇنداق بىر دېھقان قىزىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە كىرگەن ھامان نام - ئاتاق چىقىرىشى ئاسان ئىش ئەمەسىدى، ئۇ ئويلىغانسىرى مەيۈسلىنىدۇ، ھەتتا سەنئەت ئۆمىكىدىن يۆتكىلىپ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئىپىشنى ئويلايدۇ.

ئىككىنچى يىلى، «4- ماي» ياشلار بايرىمىدا، سەنئەت ئۆمىكى ياش ئارتىسلارنى گۇاڭجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ۋۇخەندە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسمىغا بېرىپ

ھال سوراش يۈزىسىدىن بىرلەشمە كۆڭۈل ئىچىش
ئويۇنى كۆرسىتىشكە ئەۋەتىدۇ. لى خۇڭ تۇنجى
بولۇپ «ئونبەش كۈنلۈك تولۇنئاي» دېگەن ناخشىنى
ئېيتقاندا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئوفىتسېر- جەڭچى
كۈچلۈك ئالقىش ياڭرىتىدۇ، لى خۇڭنىڭ قەلبى
ھاياجانغا تولىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىدۇ.
ئەشۇ مىنۇتلاردا ئۇ ئازاتلىق ئارمىيە ھەقىقەتەن
ئالەمدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر ئىكەن، دېگەن
ھېسسىياتقا كېلىدۇ. ئارقىدىنلا قىسىم سەنئەت
ئۆمىكىدىكى ياش ئايال ناخشىچى لى لىن ئۆزىنىڭ
مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا
ئېرىشكەن «خۇڭخېغا مۇھەببەت» دېگەن ناخشىنى
ئورۇنلىغاندا، پۈتۈن مەيداندىكى ئوفىتسېر-
جەڭچىلەرنىڭ كەيپىياتى ئېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا
كۆتۈرۈلىدۇ. لى خۇڭ ئەشۇ لەرزان، يېقىملىق
ناخشىغا مەپتۇن بولۇپ ناخشىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن
يادلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا مۇشۇ ناخشىنىڭ
ئاپتورى بىلەن كۆرۈشكىسى كېلىدۇ، ئۇنىڭدا
مۇكاپاتقا ئېرىشكۈدەك بىرەر ناخشا ئىجات
قىلدۇرۇشۇم كېرەك دېگەن بىر خىل كۈچلۈك ئارزۇ
تۇغۇلىدۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، لى خۇڭ ئىزدەپ يۈرۈپ
«خۇڭخېغا مۇھەببەت» دېگەن ناخشىنىڭ ئاپتورى
ۋېي جۈگېينى تاپىدۇ. ۋېي جۈگېي ۋۇخەندە تۇرۇشلۇق
قىسىم ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ ناخشا - مۇزىكا
ئىجادىيەتچىسى بولۇپ، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان
30دىن ئارتۇق ناخشا ئىجات قىلغان. لى خۇڭ ۋېي
جۈگېينىڭ مەركەزدىكى رەھبەرلەر، قىسىم
باشلىقلىرى ۋە بەزى مەشھۇر ناخشىچىلار بىلەن
چۈشكەن سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلىنىدۇ،
ۋېي جۈگېينىڭ جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان
چىرايى، گەپ - سۆزىدىكى سىلىق سىپايىلىقى ئۇنىڭ
قەلبىنى چېكىپ ئۆتكەندەك بولىدۇ-دە، بىردىنلا
ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ۋېي جۈگېي دەل مەن
ئۇزاقتىن بۇيان تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان، ھەممىنى
بېسىپ چۈشىدىغان ئەر ئىكەن، دەپ ئويلايدۇ. ئۇ
قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياجان
ۋە خۇشاللىقنى بېسىۋېلىپ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن
بىرەر ناخشا ئىجات قىلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.
لى خۇڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ
ھاياجىنىنى زادىلا بېسىۋالالمايدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن،
ۋېي جۈگېينىڭ كىشىلىك ھاياتىدا نام - ئاتاق قازىنىش
يولىدىكى تەقسىراۋاق بولۇپ قېلىشىنى، ئەشۇ
تەختىراۋاق ئارقىلىق ئۆز مەنزىلىگە ئوڭۇشلۇق
يېتىشنى قاتتىق ئۈمىد قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن،
ۋېي جۈگېينىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ
ئۇمۇرلۇك يۆلەنچۈكى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ
غەرەزلىك ھالدا ۋە باشقىچە بىر خىل ھېسسىيات
بىلەن ۋېي جۈگېيغا ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىشقا
باشلايدۇ. ئۆزىدىن سەككىز ياش چوڭ ۋېي
مۇئەللىمنى دائىم يوقلاپ تۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇ
خۇددى ھېچ ئىش كۆرمىگەن غۇبارسىز، پاك قىز
ئوقۇغۇچى سۈپىتى بىلەن ۋېي مۇئەللىمنى ئۇستاز
تۇتۇشقا باشلايدۇ. ۋېي جۈگېي ناخشا مۇنبىرىدىكى
بۇ يېڭى بىخنى كۈچىنىڭ بارىچە پەرۋىش قىلىپ
چىقىشقا بەل باغلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىش
ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە باشلايدۇ.

ئۈچ ئايدىن كېيىن، لى خۇڭ ۋېي جۈگېينىڭ بىر
سەبدىشىدىن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى
ئۇقۇۋالغاندىن كېيىن، ۋېي جۈگېيدىن خۇپىيانە ھالدا ئۆزى
يالغۇز شىنجاڭ گوبۇەن ناھىيىسى گېدىيەن
يېزىسىدىكى ۋېي جۈگېينىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ بۇ
يەرنىڭ ناھايىتى نامرات ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.
لېكىن، ئۇ ۋېي جۈگېينىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە
ئېرىشىش ئۈچۈن «كېلىن»لىك سالاھىيىتى بىلەن
تېنى ئاجىز، كېسەلچان ئانا بىلەن سىڭلىسىنى
ۋۇخەنگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ۋېي جۈگېي تۇرۇشلۇق
قىسىم يېنىدىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئۇلارنىڭ
ھالىدىن قىزغىن خەۋەر ئالىدۇ. ۋېي جۈگېي لى
خۇڭنىڭ ۋاپادارلىقى ۋە چىن مۇھەببىتىدىن چوڭقۇر
تەسىرلىنىدۇ. ۋېي جۈگېي بۇ چاغدا لى خۇڭ ئۈچۈن
«قەلبىمنىڭ تۈرىسەن» دېگەن ئاممىباپ ناخشىنى
ئىجات قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئېيتقۇزۇپ باققاندىن
كېيىن، ئۇنى كۆز پەسلىلىك خۇبېي ئۆلكىسى بويىچە
ياش ناخشىچىلار مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىگە
قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ۋېي جۈگېي بۇ قېتىمقى چوڭ مۇكاپاتلىق
مۇسابىقىنىڭ باھالاش مۇدىرىيەت ئەزالىرىنىڭ بىرى

ئىدى. ئۇ لى خۇڭنىڭ ئاممىباپ ناخشا ئېيتىش بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. لى خۇڭ مۇكاپات مۇنبىرىدە گۈل ۋە مۇكاپات ئالغاندا ئۆزىنىڭ داڭلىق چولپان بولۇش ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ شاتلىنىدۇ، ناخشا مۇنبىرىگە چىقالىغانلىقىدىن دىلى يايراپ كېتىدۇ. ئۇ ئاتا قىلغان شان - شەرەپكە، ئورۇنغا، بېغىشلىغان ئۈمىدكە رەھمەت ئېيتىدۇ. يىل ئاخىرىدا، ۋېي جۇڭيى لى خۇڭنىڭ مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە ناخشا چولپانلىرى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا تىزىمغا ئالدۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، «باش باھار ئەتىگىنى» ناملىق ناخشىنى ئالاھىدە ئىجات قىلىپ بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىكلەر تەييارلىق مۇسابىقىسى، تەكرار مۇسابىقە، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىشىگە ياردەم قىلىدۇ. ۋېي جۇڭيى ھەربىي ئىنتىزام بويىچە جازالىنىش خەۋپىگە قارىماي لى خۇڭغا ھەمراھ بولۇپ بېيجىڭغا بېرىپ مۇسابىقىگە قاتنىشىدۇ. ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى مۇزىكا ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىدۇ. رىياسەتچى ئۇنىڭ ئاممىباپ ناخشا مۇسابىقىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تامچىلايدۇ. ۋېي جۇڭيى قايناق ئىلھام بىلەن «كۆرمىگ مۇشكىلات بولىسىمۇ ئىزدەيمەن سېنى»، «يامغۇردىكى مۇھەببەت»، «مەستانىلىق چۈشىنىش ئەمەس»، «كىمنى ھەقىقىي سۆيىمەن»، «مۇھەببەت مەڭگۈلۈك يۇلتۇز» دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلارنى ئىجاد قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزى پۇل چىقىرىپ ئۈن - سىن نەشرىياتى بىلەن ئالاقىلىشىپ لى خۇڭنىڭ ناخشىلىرىنى پىلاستىنكا ۋە لېنتىغا ئالىدۇ، شۇنىڭدەك «لى خۇڭ مەخسۇس ناخشا كېچىلىكى» ئۇيۇشتۇرۇپ ئۆلكىلىك، شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىدۇ. شۇ قېتىمقى ناخشا كېچىلىكىدە لى خۇڭ ناھايىتى زور نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭ نام - شەرىپى ۋە ياڭراق ناخشىلىرى ناھايىتى تېزلا ناخشا مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

لى خۇڭ داڭ چىقارغاندىن كېيىن مۇھەببەت ۋە كەسىپ جەھەتتە تولۇق بەختكە ئېرىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆرغۇپ تۇرغان ياشلىقى ۋە تالانتىنى ۋېي جۇڭيىنىڭ شەرىپىگە بېغىشلىماقچى بولىدۇ.

1988- يىل 8- ئاينىڭ 1 - كۈنى، 25 ياشلىق لى خۇڭ ناخشا مۇنبىرىدىكى ھاياتىنىڭ پارلاق مەنزىلىدە توي كىيىمى كىيىپ ۋېي جۇڭيى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، مۇھەببەتنىڭ ھوزۇرىنى كۆرۈشكە باشلايدۇ.

پۇل تېپىش شىرىن چۈشى

گۇاڭجۇغا بېرىپ توختاملىق ناخشىچى بولۇش

1991- يىلى باش قىشتا، ۋېي جۇڭيى ۋۇخەن شەھىرىدىكى مەلۇم مەدەنىيەت تارمىقىغا يۆتكىلىپ ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى بولىدۇ.

1992- يىلى چاغاندىن كېيىن، ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى خادىملارنى تەڭشىگەندە لى خۇڭ شاللىۋېتىلىدۇ، بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تىجارەت قىزغىنلىقى، دېڭىزغا چۈشۈش قىزغىنلىقى، خىزمەتنى قوشۇمچە ئۆتەش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلىدۇ، لى خۇڭ ئېرىگە دېڭىزغا چۈشۈپ تىجارەت قىلىپ، ئائىلىسىنىڭ كۈنسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئەمما، مۇزىكا ئىجادىيىتىنى ھاياتىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرىدىغان ۋېي جۇڭيى دېڭىزغا چۈشۈشكە قوشۇلمايدۇ، لى خۇڭ ئېرىنى ئېرىتەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزى پۇل تاپىدىغان كەسىپنى ئىزدەپ تېپىشقا بەل باغلايدۇ. ئىككى يىل بۇرۇن گۇاڭجۇغا بېرىپ نەنخۇا ئويۇن قويۇش شىركىتىدە ئىشلەۋاتقان كەسىپدىشى لى زېشياڭ لى خۇڭنىڭ خىزمەتتىن چېكىنىپ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ ۋە جەنۇبقا بېرىپ ئىگىلىك تىكلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ لى خۇڭنى قىزىقتۇرۇپ مەشھۇر ناخشىچى ياڭ يۈيىڭنىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ گۇاڭجۇدا غايەت زور نەتىجە قازانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. لى خۇڭ سەل تەۋرىنىدۇ، ئۇ ئېرىدىن مەسلىھەت سورىغاندا، ئېرى بۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئەتىسى

لى خوڭ ئېرى خىزمەتكە كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئۇزۇن بىر پارچە خەت قالدۇرىدۇ. خەتتە ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ گۇاڭجۇغا بارغاندىن كېيىن قەدىرلىك ئېرىگە سەمىمىي - سادىق بولۇپ ئۆگىنىلىك يارىتىپ، پۇل تېپىپ قايتىپ كېلىدىغانلىقى، ياخشى بىر ئانا بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ. . . .

لى خوڭ لىن زىشياڭغا ئەگىشىپ نەنخۇا ئويۇن قويۇش شىركىتىگە كەلگەندىن كېيىن شىركەت بىلەن بىر ناخشىچى سالاھىيىتى بىلەن توختام تۈزۈشىدۇ. ئۇ تېز ھەم كۆپ پۇل تېپىش ئىستىكى بىلەن لى زىشياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق شىركەتتىن قايتىپ چىقىپ جىڭدو كوڭگۇل ئېچىش شەھىرىگە بېرىپ توختاملىق ناخشىچى بولىدۇ. ئۇ ھەر ئاخشىمى 800-1500 يۈەنگىچە كىرىم قىلىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق بولغاندا، بىر يىلغا بارمايلا 200 مىڭ يۈەن تاپالايدىكەنمەن، ئېرىم ۋە بالام بىلەن باياشات كۈن ئۆتكۈزەلەيدىكەنمەن، كەلگۈسىدىنمۇ غەم قىلمايدىكەنمەن! - دەپ ئويلايدۇ. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، لى خوڭ خۇشال ھالدا ئېرىگە پوچتىدىن ئون مىڭ يۈەن خەلق پۇلى سېلىۋېتىدۇ. ئەمما ئېرى پۇلنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن چەكنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ۋۇخەنگە تېز قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ خەت يازىدۇ. بۇ نېمە دېگەن ئازاب-ھە؟!

ئەمما، نەنخۇا ئويۇن قويۇش شىركىتى ۋە جىڭدو كوڭگۇل ئېچىش شەھىرى بىلەن توختام تۈزۈشكەن لى خوڭ ئۆزىنى زادىلا توختىتالمايدۇ. ئۇ ئېرى بىلەن قىزىنىڭ سېغىنىش، مېھرى- مۇھەببىتىگە تاقەت قىلىپ، جان تىكىپ پۇل تېپىشقا كىرىشىدۇ ھەمدە بالدۇرراق ئۆيىگە قايتىشنى كېچە - كۈندۈز خىيال قىلىدۇ. بەزى چاغلاردا زېرىكىشلىكتە بىرەر ھەمراھ تېپىپ، ئىش پۈشۈشنى چىقارماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئېرىگە قالدۇرغان خەتتىكى ۋەدىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بۇ رەزىل خىيالدىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

جىڭدو كوڭگۇل ئېچىش شەھىرىدىكى گۈلدەستىلەر ۋە ئالقىشلار ئۇنى رازى قىلالمايدۇ. ئۇ بەزى چاغلاردا كۆز ئالدىدىكى شەھۋەتپەرەست ئەرلەرنىڭ چاكىنا، قوپاللىقى، شەھۋانى قىلىقلىرىنى چەكلەپ كېتەلمەيدۇ.

1993- يىلى ئاۋۇز چاغىنى كېچىسى، ئەتىگەن سائەت ئىككى بولغان چاغ ئىدى. لى خوڭ «كۆرمىڭ مۇشكىلات بولسىمۇ ئىزدەيمەن سېنى» دېگەن ناخشىنى ئورۇنلىغاندا، شياڭگاڭلىق سودىگەر، لوگىشياڭ كېيىم - كېچەك، ئۈنچە - مەرۋايىت گورۇھىنىڭ باش لېدىرى لياڭ تيەنخې باشقىلار ئارقىلىق گۈلدەستە بىلەن 8888 يۈەن پۇل تەقدىم قىلىپ ناخشا تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ۋېي جوڭچى ئىجادىيىتى قىلغان «ئارزۇ»، «تالالاش»، «باھار ئەتىگىنى»، «لىخاسنى ئەسلەيمەن» دېگەندەك 20دىن ئارتۇق ناخشىنى ئارقا-ئارقىدىن ئورۇنداپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تيەنخې رايوندىكى بارلىق تانسىخانىلار بويىچە ناخشا تەلەپ قىلىش رېكورتى يارىتىلىدۇ.

ئەتىسى، لياڭ تيەنخې لى خوڭنى لوگىشياڭ كېيىم- كېچەك، ئۈنچە - مەرۋايىت گورۇھىنىڭ گۇاڭجۇدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا كېلىپ كېڭىشىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، 300 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن ئىككى يىللىق ئىجارىگە ئېلىشقا ماقۇل بولىدۇ. لى خوڭ باغلام - باغلام پۇل ئالدىدا، ئېرىگە بولغان سادىقلىقىنى ساقلاش - ساقلىماسلىق توغرىسىدا كەسكىن ئويلىنىدۇ. ئاقىۋەت پۇل دېگەن نەرسە ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئۇ توختامغا قول قويىدۇ. لياڭ تيەنخې ئۇنى ئىككى يىل ئىجارىگە ئېلىۋالىدۇ. ئۇ: توختامدا شۇنچە كۆپ پۇل تورۇپتۇ، ئېرىم يىراقتا قالدى، ئەۋزەللىكىمدىن بەھۇزۇر پايدىلىنىپ بايۋەتچى ئايال بولۇشۇم كېرەك. ئىككى يىل توشقاندىن كېيىن بۇ پۇللارنى ئېلىپ ۋۇخەنگە قايتىپ ئائىلەمدىكىلەر بىلەن جەم بولىمەن، دەپ ئويلايدۇ.

لى خوڭ شۇندىن باشلاپ توختاملاشقان ناخشىچى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا لياڭ تيەنخېنىڭ ئىجارىگە ئېلىۋالغان ئاشنىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

### نىكاھسىز تۇغۇلغان قىز

ئېرى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنىڭ شەرمەندىچىلىكىنى كەچۈرىدۇ

ۋېي جوڭچى ئايالىنىڭ نەنخۇا ئويۇن قويۇش شىركىتىگە بېرىپ توختاملىق ناخشىچى

بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ جىمجىتلا كەتكەتلىكىنى كەچۈرگەندىن كېيىن ئائىلىگە داۋاملىق ناخشا ئىجات قىلىپ بېرىپ، گۇاڭجۇ سەھنىسىدە زور شەرەپ قوچۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ ھەرقېتىم شىر كەتكە ناخشا ئەۋەتكەندە بىر نەچچە جۈملە سۆزنى تاپىلاشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ ھەمدە لىن زىشياڭدىن لى خۇڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن ئۇ لىن زىشياڭنىڭ لى خۇڭنى نەنخوا ئۈيۈن قويۇش شىركىتى بىلەن جىڭدۇ كۆڭۈل ئېچىش شەھىرىگە تونۇشتۇرۇپ قويۇپ ئون مىڭ يۈەن تونۇشتۇرۇش پۇلى ئالغاندىن كېيىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ لى خۇڭنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كېتەلمەي، ئۇنى كۆڭلىدە ئاشنا تۇتۇشنى ئويلاپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. لىن زىشياڭ لى خۇڭنىڭ ئىجارىگە ئېلىنغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ئاچچىقلىنىپ، ۋېي جۈگيى ئەۋەتكەن ناخشىلارنى، شۇنىڭدەك لى خۇڭغا يازغان خەتلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ۋېي جۈگيى بىلەن ئائىلى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ۋېي جۈگيى ئائىلىنىڭ ھېچقانداق دېرىكىنى ئالالمايدۇ، ئائىلىدىن كېچە - كۈندۈز خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئۇ 1994- يىلى باھار بايرىمى ئەمدىلا ئۆتۈشىگە، كېسەلدىن ئەمدىلا ئۆرە بولغان قىزىنى ئېلىپ ھېرىپ - چارچاپ دېگەندەك نەنخوا ئۈيۈن قويۇش شىركىتىگە كېلىدۇ. لىن زىشياڭ ئۇنىڭغا سوغۇق قىياپەتتە لى خۇڭنىڭ شياڭگاڭدا ئۈيۈن قويۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ۋېي جۈگيى ۋۇخەنلىك بىر نەچچە تونۇشلىرى، يۇرتداشلىرىدىن لى خۇڭنىڭ شياڭگاڭ لوشياڭ كېيىم - كېچەك، ئۈنچە - مەرۋايىت گورۇھىنىڭ «باش لېدىرى ياردەمچىسى» بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ لى خۇڭنىڭ تيەنخۇڭ رايونىدىكى تۇرالغۇسىنى تاپىدۇ، ئۇ كۆز ئالدىدىكى ھەشەمەتلىك داچىغا قاراپ ھەيران قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئائىلىنىڭ گۇاڭجۇغا كەلگەندىن كېيىن تو ختاملاشقان ناخشىچى، باش لېدىر ياردەمچىسى بولغانلىقىدىن ھەقىقىي خەۋەر تاپىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ئازابتىن ئۆرتىنىدۇ. ئالدىنىش، ھاقارەت، ئازاپ، غەزەپ - نەپرەت ئۇنى ئىسكەنجىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تاتلىق ئۇخلاپ قالغان قىزىنى قۇچاقلاپ داچا ئەتراپىنى ئۆزاققىچە ئايلىنىپ ئائىلىنىڭ چىقىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، كەچ كىرىشكە باشلايدۇ، ئۇ ئازابلانغان ھالدا داچا ئالدىدا ئائىلىنى ئۇزاق كۈتىدۇ، ئەمما ئالىلىقاچان يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەن، ئەل بېسىققان بولسىمۇ لى خۇڭنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ۋېي جۈگيى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بىچارە قىزىنى ئېلىپ لى خۇڭنىڭ تۇرالغۇسىدىن ئايرىلىدۇ، ئەتىسى دەرت - ھەسرەت ئىچىدە گۇاڭجۇدىن ئايرىلىدۇ.

لى خۇڭ ئىجارىگە ئېلىنغاندىن كېيىن لياڭ تيەنخېنىڭ مۇستەبىتلىكى ۋە شەپقەتسىزلىكىنى بارغانسېرى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ ھەر قانداق چاغدا، ھەممە يەردە ئۇنىڭغا ھەمرا بولىدۇ. خۇددى شەكلى بىلەن سايىسى ئايرىلمايدىغان ماشىنىغىلا ئوخشاپ قالىدۇ. لياڭ تيەنخې بىلەن ئارىلىشىش، تىجارەت توغرىسىدا سۆھبەتلىشىش، كۆرسەم خۇمار بولۇش. . . غا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشى، ماختاش سادالىرى ئىچىدە لى خۇڭمۇ ئاستا - ئاستا ئەيش - ئىشرەت، كەيپ- ساپاغا ئادەتلىنىشكە باشلايدۇ.

ۋېي جۈگيى قىزىنى ئېلىپ ۋۇخەنگە قايتىپ كېلىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن لى خۇڭنىڭ مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا بىللە ئوقۇغان كونا دوستى لىن پىڭ ۋېي جۈگيىنىڭ ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ئىنتايىن قىزغىن بولىدۇ ھەم دائىم ئۆيگە كېلىپ بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ئۇ خۇددى ئائىلىگە ئوخشاش ۋېي جۈگيىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا باشلايدۇ.

1994- يىل ياز كىرىشى بىلەن، لىن پىڭ ئىنستىتۇتتىكى ياتىقىنى ۋېي جۈگيىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كېلىدۇ، ۋېيجۈگيىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ئۇنى لى خۇڭ بىلەن ئاجرىشىشقا ئۈندەيدۇ، ۋېي جۈگيىنى ئاياللارنىڭ سۆيۈشىگە ئەرزىيدىغان ھەقىقىي ئەر، ياخشى ئەر بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن دەپ ھېس قىلىدۇ. ئەمما ۋېي جۈگيى لى خۇڭ بىلەن ئاجرىشىشنى خالىمايدۇ.

ۋېي جۈگيى ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ئوتتۇرا جۇڭگو پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئوتتۇرا جەنۇب

مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەرگە بېرىپ مۇزىكىدىن لېكسىيە سۆزلەيدۇ. سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى لىۋ يالىڭ ۋېي جۈگېينى ئۇنجى قېتىم يېتەكچىلىككە تەكلىپ قىلىدۇ. ۋېي جۈگېينى لىۋ يالىڭنىڭ كېلىشكەن، گۈزەل چېھرى ۋە چالغان لەرزان، نەپىس مۇزىكىسى ھەيران قالدۇرىدۇ. ۋېي جۈگېي ئۆزىنىڭ كومپوزىتورلۇق بۇرچى بىلەن ئۇنىڭ ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ۋە ئىجادىيىتىگە كۈچىنىڭ بارىچە ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇنى يېتەكلەيدۇ.

1995- يىلى يېڭى يىل ئۆتىشىگە، ۋېي جۈگېي تۇيۇقسىز ئىز - دېرەكسىز بولمىغىنىغا ئۇزاق بولغان لى خوڭنىڭ گۇاڭجۇ شەھەرلىك 1- دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقى، كېسەلنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ كېچىلەپ ئايروپىلان بىلەن گۇاڭجۇغا بېرىپ دوختۇرخانىغا كېلىدۇ. ئۇ يۈزلىرى تاتارغان، ئۇششاق داغلار بىلەن تولغان ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پاك، كىرسىز، كېچە - كۈندۈز بىتاقەتلىك بىلەن كۈتكەن، سېغىنغان ئايالى لى خوڭ ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. دوختۇر ئۇنىڭغا: لى خوڭ تۇغۇشتىن بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن قاتتىق تاياق يېگەن، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان، كېيىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن، بىر قىز تۇغدى، دەيدۇ.

ۋېي جۈگېينىڭ شۇ تاپتا قەھرى - غەزىپى بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ ئايالنى دەسسەپ چەيلىۋەتكۈسى كېلىدۇ. سەپەر ھارغىنلىقى، ئاچلىقىغا قارىماي، قايناپ تاشقان غەزەپ - نەپرىتىنى بېسىۋېلىپ لى خوڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

لى خوڭ ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىدۇ. ئۇ بىر جۈپ ئىللىق قولنىڭ ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، كۆزلىرىنى ئاستا - ئاستا ئاچىدۇ-دە، ئۇ ئېرىنى كۆرۈپ تىترەپ كېتىدۇ.

ۋېي جۈگېي گۇاڭجۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ دۈگىشەن شۆبىسىگە بېرىپ دېلو مەلۇم قىلىپ، قارا نىيەتنى قاتتىق جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ لياڭ تيەنخېنى تاپىدۇ. لياڭ تيەنخې ۋېي جۈگېيغا 200 مىڭيۈەن شياڭگاڭ پۇلى بېرىپ بۇ ئىشنى بولدى قىلماقچى بولىدۇ. ۋېي جۈگېي ئۇنىڭ پۇلىنى چۆرۈۋېتىپ، لياڭ تيەنخېنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ قاتتىق ۋارقىرايدۇ. ئۇنى ئۇرۇپ تېرە - پېرەڭ قىلىۋەتكۈسى كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئاقىلانىلىق بىلەن نىيىتىدىن يانىدۇ. ئۇ پۇل، رەزىللىك ئالدىدا ئۆزىنىڭ كىشىلىك پەزىلىتى، قەدىر - قىممىتى ئارقىلىق ھېسابسىز پۇلى بىلەن ئايالنى شەيدا قىلغان لياڭ تيەنخېنى يېڭىدۇ. تەشەببۇسكارلىق بىلەن بالىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ قورسىقىنى كەڭ تۇتۇپ ساۋابلىق ئىش قىلىشى لياڭ تيەنخې بىلەن لى خوڭنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ.

لى خوڭ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ۋۇخەنگە بارسام ئېرىم ھەم قىزلىرىم، مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا- ئانامنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولمايمەنمۇ، كىشىلەر ئارىسىدىمۇ سۆز - چۆچەككە قالمايمەنمۇ، گۇاڭجۇدا يىقىلغان ئىكەنمەن گۇاڭجۇدا دەس تۇرۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلاپ ئېرىغا قىزىنى ئېلىپ ۋۇخەنگە قايتىپ تۇرۇشنى ئېيتىدۇ، ئۆزى بولسا جاھىللىق بىلەن گۇاڭجۇدا قېپ قالىدۇ.

ۋېي جۈگېي ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يالغۇزلۇق، ئىزا - ئاھانەت ۋە زېرىكىشلىككە چىداپ مۇزىكا ئىجاد قىلىشقا باشلايدۇ. لىۋ يالىڭ ئۇنىڭ قەلب قەسرىگە كىرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ لى خوڭنى ئانچە خىيال قىلمايدىغان بولىدۇ. ئۇ يېنىدا بىر ئايالنىڭ بولۇشىنى، مېھرى - مۇھەببىتى، دەردىگە ئەسرار بولىدىغان بىرسىنىڭ بولۇشىنى خالايدىغان بولۇپ قالىدۇ. لىۋ يالىڭ ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغاندا ئۇ ئاقىلانىلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.

دۆلەت بايرىمىدا، لى خوڭ ئايرىلغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئاپىسى، ئېرى، قىزلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ناھايىتى خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئېرىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاجراشمىساڭ ئۆلۈۋالىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ۋېي جۈگېي لى خوڭنى نىيىتىدىن ياندۇرالماي ئاخىرى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ماقۇل بولىدۇ. لى خوڭنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن سوت مەھكىمىسى ئۆي ۋە قىزلىرىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىدۇ.

ھالاكەت گىرداۋىغا بىرىپ قىلىپ، بارلىق بىساتىدىن ئايرىلىش

. ئۇنىڭ قاغجىرىغان مۇھەببەت ھېسسىياتىنى قوزغۇتۇپ قېلىشقا ئامال بولمىدى

لى خوڭ ئاجرىشىپ بولۇپ، گۇاڭجۇدىكى داداۋ قىزىل ئەتىرگۈل كېچىلىك بەزمىخانىسىغا توختاملىق ناخشىچى بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بەزمىخانىغا دالىيەندىن لوڭ مىڭجى ئىسىملىك بىر ناخشىچى كەلدى. ھەر ئاخشىمى ئۇ لى خوڭ بىلەن بەسلىشىپ، جور بولۇشۇپ ناخشا ئېيتتى. لى خوڭ لوڭ مىڭجىنى ئاستا - ئاستا ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئىككىسى ناھايىتى تېزلا مۇھەببەت دەرياسىدا ئۈزۈشكە باشلايدۇ.

بىر كۈنى بىرىم كېچىدە، لى خوڭ ئويغىنىپ كېتىپ لوڭ مىڭجىنىڭ ئاپئاق ئەرسىنى ئوغرىلىقچە چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭغا زەھەرلىك چېكىملىك چەكمە دەپ نەسىھەت قىلدى. ئەمما لى خوڭ قورقۇق ئاۋارە بولدى، قاتتىق ئازابلاندى. لوڭ مىڭجىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئۇمۇ خېروئىن چېكىشكە باشلايدۇ. بىرىم يىلغا بارمايلا ئىككىسى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ 150 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئامانەت قويغان پۇلنى تامامەن خەجلەپ تۈگەتتى. لى خوڭ ئۆزىنى قوتقۇزۇشقا ئامالسىز قالدى. ئۇ زەھەرلىك چېكىملىكنى قەرەلىدە چېكىش ئۈچۈن لوڭ مىڭجىنى ۋەخەنگە يوشۇرۇن باشلاپ كېلىپ ئائىلە بىساتىنى سېتىۋەتتى. لوڭ مىڭجى ياغلىما گەپلەر بىلەن ئۇنى ئالداپ 120 مىڭ يۈەن نەق پۇلنى ئېلىۋېلىپ تىكىۋەتتى. لى خوڭ ۋەيران بولدى. ئۇنىڭ ھېچقانداق چىقىش يولى قالمايدۇ.

ۋېي جوڭپىينىڭ شىركىتىدە ئىشلەۋاتقان قىزچاق ئالەن ۋېي خوجايىنىنىڭ كۆڭلىنىڭ پاراكەندە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككى قىزىغا ناھايىتى تېزلا يىللىق مېھرىنى بېغىشلايدۇ. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا باشلايدۇ ۋە باللاردىن ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ. ئۇ ئالەندىن مىننەتدار بولىدۇ.

1997- يىل 5- ئاينىڭ باشلىرى، ۋېي جوڭپىي ئالەن بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغدا لى خوڭ كۈنسىرى روناق تېپىۋاتقان چىگىنياۋ ئۈن - سىن سەنئەت تەرەققىيات شىركىتىدە ئۆشتۈمتۈت پەيدا بولدى.

ئۇ ۋېي جوڭپىيدىن يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈشنى ئۆتۈندى ھەمدە نىكاھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ۋېي جوڭپىي لى خوڭنىڭ يىلىنىش، يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ، نىكاھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالىمايدۇ.

لى خوڭ ئەتىسى يېرىم كېچىدە، بىر توپ لۈكچەكلەرنى باشلاپ دۇكانغا كېلىپ ۋېي جوڭپىي بىلەن ئالەننى ئۇرۇپ يارىلاندۇرىدۇ ۋە ۋېي جوڭپىينى نىكاھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قول قويۇشقا قىستايدۇ. ئالەننى ئۈچ كۈن ئىچىدە ۋېي جوڭپىيدىن ئايرىلىشقا قول قويۇشقا قىستايدۇ. مېڭىش ئالدىدا، ئۇ دۇكاندىن ئىككى مىڭ يۈەن نەق پۇلنى بۇلاپ كېتىدۇ.

1997- يىل 6- ئاينىڭ 12- كۈنى تاڭ سەھەردە، لى خوڭ مېيۈەن مېھمانخانىسىدا ئېپپەت نومۇسىنى سېتىپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىۋاتقاندا، ج خ كادىر - سا قچىلىرى تەرىپىدىن نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈلدى.

ۋېي جوڭپىي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ زەھەرلىك چېكىملىك تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا كېلىپ لى خوڭنى يوقلايدۇ. لى خوڭ: يولدىن ئېزىپ قالسا قايتسا بولىدۇ، ئەمما كىشىلىك تۇرمۇش يولىدىن ئازغاندا يېنىڭدىن قوتۇلۇش تەس ئىكەن، گۇاڭجۇ دوختۇرخانىسىدىكى ۋاقتىمدىلا ۋېي جوڭپىينىڭ قۇچىقىدا ئۆلگەن بولسام ھاياتنىڭ بۇنداق ئاچچىق ئازابلىرىدىن خالاس بولغان بولار ئىدىم، -دەپ ئۆكۈندى.

ۋېي جوڭپىي لى خوڭغا نەسىھەت قىلدى، تەسەللىي بەردى، ئۇنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارىدىن قۇتۇلۇشقا، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا بالدۇرراق ياخشى ئۆزگىرىپ قايتىدىن ئادەم بولۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئۇ دائىم قىزلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇنى ئۈچ يىللىق مۇددەت توشقاندىن كېيىن يەنە يىللىقلىق بىلەن كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ گۈزەل يېڭى ھاياتقا قەدەم تاشلىشىغا چىن دىلىدىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئەخمەت راخمات(ت)

# ئانىسى بەئۇۋاشلىق قىلىپ پەرزەنتگە بالايى ئاپەت ئېلىپ كېلىش

## «ئۆلگە» باشلاپ بەرگەنلىكتىن، چۈشكۈنلىشىشى تېز بولدى



ياڭ ياڭنىڭ ئانىسى غەربىي-جەنۇبتىكى× ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئىدى، ئانىسى بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى بولۇپ دائىم كوماندىروپكىغا چىقاتتى. قاچاندىن باشلانغانلىقى نامەلۇم ئاپىسى ئۆيدە بولمىغان چاغلاردا بىر سەتەڭ ئايال ئۆيگە كىرىپ-چىقىدىغان بولۇپ قالدى، بەزىدە ياڭ ياڭ كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ھېلىقى ئايالنىڭ دادىسى بىلەن يېقىن ئولتۇرۇشۇپ پەس ئاۋازدا چاقچاق قىلىشىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئۇ ئۇخلاپ قالغاندىمۇ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.

1993-يىل 5-ئاينىڭ 3-كۈنى كەچتە، 17ياشلىق ياڭ ياڭ كارىۋاتتا يېتىپ خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايدۇ. ئانىسى كوماندىروپكىغا چىقىپ كېتىدۇ، دادىسى ھېلىقى ئايال بىلەن مېھمانخانا ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرىدۇ. ھېلىقى ئايالنىڭ پىخىلداپ كۈلۈۋاتقانلىقى ئاڭلىنىدۇ. سۆزلەپ بېرەلمەيدىغان پىسخىكا بىلەن ياڭ ياڭ ئاستا كارىۋاتتىن چۈشۈپ بىلىندۈرمەي ئىشىكنى ئېچىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھوجرىسىدىن ئۆتۈپ، مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىك سىرتىغا كېلىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن سىرتقا قارايدۇ. ياڭ ياڭ ئۆزىنى چاقماق سوققاندەك ھېس قىلىدۇ، بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بىر ئىشنى كۆرۈپ قالدۇ. ئۇ شۇئان كۆزىنى ئېتىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۆز ھانىسىغا كېتىدۇ. ئۇ يۈرىكىنىڭ تېز سوقۇۋاتقانلىقىنى، قېنىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكى سىرتىغا بېرىپ ئىشىك يوچۇقىدىن يەنە بىر قېتىم قارايدۇ.....
شۇندىن كېيىن، ياڭ ياڭ ھەر كۈنى كەچتە كارىۋىتىدا يېتىپ ھېلىقى مەنزىرىنى ئويلاپ خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدۇ. مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولۇپ ناھىيىدىكى ئەڭ ياخشى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن ياڭ ياڭ ئۆگىنىشتە بىراقلا چېكىنىپ كېتىدۇ.
7-ئاينىڭ 1-كۈنى كەچتە، ياڭ ياڭ زېرىكىپ مەيدانغا ئويۇنغىلى كېلىدۇ. جۈپ-جۈپ قىز-يىگىتلەرنىڭ چىراق شولىسىدا سەيلى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، غېرىبلىق ھېس قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، بىر سىنىپنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. قايرىلىپ قاراپ ئۇنىڭ تولۇق 3-يىللىقتىكى بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ياڭ ياڭ كۆڭلىدە ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇ ئۆزلىكىدىن بۇ ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ تارتمىسىدىن سېرىق مەزمۇندىكى بىر سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئېلىپ سىن قويغۇغا تىقىدۇ، ئارقىدىنلا ئۇ ھېلىقى ئوغۇل ئوقۇغۇچى بىلەن ھېلىقى كۈنى كەچتە دادىسى بىلەن ھېلىقى ئايال «ئورۇندىغان» كۆرۈنۈشنى تەكرارلايدۇ. (كېيىن شىنجىندا، ياڭ ياڭ بىزگە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى



سۆزلەپ بەردى، ئۇ ھېلىقى كېچىنى ئەسلىگەندە: «خېلى بۇرۇنلا دادام بىلەن ھېلىقى ئايالنىڭ ھېلىقىدەك ئويۇنغىنىنى دوراپ باقماقچى بولغانىدىم» دېدى. . . . )

1995. يىل 7. ئاينىڭ 7. كۈنى ياڭ ياڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئىمتىھان قەغىزىگە كەلسە. كەلمەس بىر نېمىلەرنى يېزىپ تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، ھېلىقى ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ موتسىكلىتىغا ئولتۇرۇپ، ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆڭكۈرگە كىرىپ «تاماشا قىلىدۇ». 8. ئايدا، ئىمتىھان نەتىجىسى چىقىدۇ، ئۇ جەمئىي 120نومۇر ئالىدۇ. ھېلىقى مۇئاۋىن ھاكىم قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، يەنە تېخى ياڭ ياڭنى ئۇرىدۇ، ياڭ ياڭ لام جىم دېمەي ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ.

بىر كېچىسى مەس بولۇپ خۇدىنى يوقاتقان ياڭ ياڭنى ئىككى ئەر كىشى قاۋاقخانىدىن يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ بىر تاكسىغا سالىدۇ، تاكسىنى دەريا بويىغا ھەيدەپ بېرىپ ياڭ ياڭنى پاراخوتقا ئېلىپ چىقىپ باسقۇنچىلىق قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ياڭ ياڭ پاراخوت بىلەن يۇياڭغا بېرىپ ھېلىقى ئىككى ئەر كىشىنىڭ ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىدىغان ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن، گېزىت ۋە تېلېۋىزورلاردا ياڭ ياڭنى ئىزدەش توغرىسىدا ئېلانلار چىقىدۇ. ئىككى ئەر ياڭ ياڭغا 600يۈەن پۇل بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆيىگە قايتىپ كەت، دەيدۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتماي پويىزغا ئولتۇرۇپ جەنۇبقا چاۋجۇ شەھىرىگە بېرىپ، مېھمانخانىدا ئىپپەت-نومۇسىنى سېتىش تۇرمۇشىنى باشلايدۇ ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالىدۇ. يۇلتۇز 3. ئايدا، ئۇ «ئاچا سىڭىللار» بىلەن بىللە شىنجىڭغا بېرىپ تۈنەكخانىدا بۇرۇنقى تىرىكچىلىكىنى قىلىدۇ.

8. ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بىر چۈشتىن كېيىن، ياڭ ياڭ «ئاچىلىرى» بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا خوجايىنى ئۇنى چاقىرىدۇ. ئۇ، مېھمانغا «ھەمراھ» بولىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلايدۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى كۆزىگە ئىشىنىشكە پېتىنالمايدۇ-ھېلىقى پاھىشىۋازنىڭ باشقا بىرسى ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ ھېلىقى مۇئاۋىن ھاكىم، ئاتىسى ئىدى. ياڭ ياڭ ئۇنى كۆرۈپلا ھاجەتخانىغا كىرىپ چىقاي دەپ يالغان ئېيتىپ، باشقىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كوچىغا چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ھېلىقى تۈنەكخانىغا قايتمايدۇ. . . .

10. ئايدا مۇخبىر ناھىيىلىك سىياسىي-قانۇن خىزمىتى گۇرۇپپىسى بىلەن ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ شىنجىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر يىغىۋېلىش ئورنىدا ياڭ ياڭنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ چاپىنىنى بىر تىپ بوپتۇ، چاچلىرىنى يۇلۇپ بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىشتان. پاپىقلىرىدىن سېسىق ھېد پۇراپ تۇرۇپتۇ، سېرىق داغ قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزى، كۆزىدىن توختىماي ياش ئېقىۋېتىپتۇ، بۇرنىدىن ماڭقا چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بالۋۇرۇپ: «چېكمۇالاي» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

بۇرۇنقى نازۇك غۇنچا نابۇت بوپتۇ. . .

ھاشىمجان ئىسمايىل (ت)

## بوقچىنىڭ ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتسە قانۇنغا خىلاپ بولىدىكەن

يېقىندا، تايلاندنىڭ بانكوكتا ئوقۇيدىغان باللارنىڭ بوقچىسىنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە بىر تۈرلۈك پەرمان ئېلان قىلىنغان. بۇ پەرماندا ئوقۇش يېشى ئالتىدىكى باللارنىڭ بوقچىسىنىڭ ئېغىرلىقى بىر كىلوگىرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بوقچىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگىرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بوقچىسىنىڭ ئۈچ كىلوگىرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى بەلگىلەنگەن. ئەگەر بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە باشلىقى ۋە ئوقۇغۇچى تۇرۇشلۇق مەكتەپ بەلگىلىك جازاغا تارتىلىدىكەن.

تايلاندنىڭ مائارىپ تارمىقىدىكى ئەمەلدار، بۇ پەرماننىڭ ئېلان قىلىنىشىدا ئاساسلىقى ئۆسمۈر باللارنىڭ سالامەتلىكى نەزەردە تۇتۇلغان، دېگەن. چۈنكى بوقچىنىڭ ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتسە باللارنىڭ ئۆستىخىنىغا، بولۇپمۇ باللارنىڭ دۈمبە ئومۇرتقىسىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىكەن.

## سودىيەنىڭ چىراي شەكلىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىشى

ئەنگلىيىدە چىرايى كۆرۈمسىز ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر تۆت نەپەر نارسىدە قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ساقچى تەرەپتىن قولغا ئېلىنغان. يەرلىك سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى سوت قىلغان، جىنايەتچى سوتتا ھەممىنى يوشۇرماستىن ئىقرار قىلغان ھەمدە تۈرلۈك ئاتالمىش سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ جىنايىتىنى ئاقلىغان. لېكىن سودىيەنىڭ پرىنسىپسىزلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆرۈمسىز چىرايىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن، شۇنداق قىلىپ يېنىكلىتىپ ئاران مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بەرگەن.

بىر تەپتىش ئەمەلدارى: بۇ ھۆكۈم بەك يېنىك بولۇپ قالدى، چۈنكى سودىيە جاۋابكارنىڭ چىراي شەكلىگىلا قاراپ يېنىك جازا ھۆكۈم قىلدى، دېگەن.

## ئادەمنى ئىتقا تەڭ قىلماسلىق

ئامېرىكىلىقلار ھە دېگەندىلا بىزنىڭ قانۇنىمىز ئىنتايىن مۇكەممەل، دەپ كۆز - كۆز قىلىشىدۇ. لېكىن يېقىندا ماساچۇسېتىس شىتاتىدا يۈز بەرگەن بىر ئىش نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرگەن.

يېقىندا، دېلبېر بىلەن لىدىر ئىككى بالىسىنى ۋە ئىتىنى ئېلىپ سودا سارىيىغا مال سېتىۋېلىشقا بارغان. ئۇلار ئىككىسى ماشىنىنى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا توختىتىپ قويۇپ سودا سارىيىغا كىرىپ كەتكەن، بىراق باللار بىلەن ئىتنى ماشىنا ئىچىگە سولاپ قويغان.

بىر سائەتتەك ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، دېلبېر بىلەن لىدىرنىڭ سايىسى كۆرۈنمىگەن. بۇ ۋاقىتتا ماشىنا ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نەچچە ئون سېلسىيە گرادۇسقا يېتىپ، ئىككى بالا ۋە ئىتنىڭ جېنى ئۈزۈلۈشكە ئاز قالغان. چارلىغۇچى ساقچى بۇ ئەھۋالنى بايقىغاندىن كېيىن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى قومۇرۇپ ئاچقان. ئىككى بالا دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان، ساقچىلار ئىتقا ئازراق سۇ ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئىتمۇ خەتەردىن قۇتۇلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ساقچىلار دېلبېر بىلەن لىدىرنى قاماپ قويغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ھايۋانلارغا بىپەرۋالىق قىلغانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. ئامېرىكا قانۇنى بويىچە ئۇلارنى جازاغا تارتىش كېرەككەن.

ئوخشاشلا ئازاپ چەككەن ئىككى بالىنى ساقچى تەرەپ تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغان. ئەگەر بۇ ئەر - خوتۇن جازاغا تارتىلسا ئۇلار بويىسۇنماي ئامال يوقكەن.

رايون سوتى باياناتچىسى ئەپسۇسلانغان ھالدا: «ئىت ئادىل بولمىغان مۇئامىلىگە ئۇچرىسا بىز ئۇنىڭ ئىگىسىنى جازالايمىز، لېكىن باللار ئادىل بولمىغان مۇئامىلىگە ئۇچرىسا بىز پەقەت قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرىمىز، ناھايىتى روشەنكى قانۇنىمىزدا يوچۇق بار» دېگەن.

## تاماقنى يەپ بولسا مۇكاپاتلاش

شەندۇڭدىكى ۋۇچېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە ۋۇشىڭ دېگەن بىر ئاشخانا بولۇپ، ئاشخانا دىرېكتورى ۋاڭ ۋېنجۇ تاماق ئۈستىلىدىكى زور مىقداردىكى نازۇ - نېمەت، ئىسىل گۆشلۈك قورۇمىنىڭ «قالدۇق قورۇما» غا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئېچىنغان. بۇ يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ئۇ ئاشخانىدا «تاماقنى يەپ بولسا مۇكاپاتلاش» مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرغان. ھازىرغا قەدەر % 14 خېرىدار بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ۋاڭ ۋېنجۇ ۋۇچېڭ ناھىيىسى جامايىڭ يېزىسىدىكى دېھقان ئاشخانا ئاچقىنىغا بەش يىل بولغان، ھەر كۈنى ئاشقان قورۇما - تاماقتىن 50 كىلوگىرامدىن ئارتۇق يىغىۋېلىنغىلى بولىدىكەن، ئەگەر ھەر جىڭنى بەش يۈەندىن ھېسابلىغاندا، بىر يىلدا 18 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىسراپ بولۇپ كېتىدىكەن. بۇ سان بۇ دېھقان دىرېكتورنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زىيان تارتىش خەترىگە قارىماستىن «تاماقنى يەپ بولسا مۇكاپاتلاش» سودىسىنى ئېلىپ بارغان.

رەيھانگۈل خالىق (ت)

## غەيرىي دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى ئاساسلىق يول

ئەمگەك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى لى بويۇڭ يېقىندا غەيرىي دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك شەھەر - بازارلاردىكى يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىدىكى ئاساسلىق يول بولۇپلا قالماستىن، بەنە خىزمەتتىن قىسقارتىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭمۇ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىكى ئاساسلىق يول، دەپ كۆرسەتتى.

لى بو يۈگىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «8. بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە شەھەر - بازارلاردىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىدا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملار 13 مىليون 858 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنىڭ 40 پىرسەنتىگە باراۋەر كەلگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئاپپاراتلارنى تەڭشەشتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يۈزلىنىش لازىم. غەيرىي دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، خىزمەتتىن قىسقارتىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ غەيرىي دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا نىسبەتەن سىياسەت جەھەتتە بېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ، خىزمەتتىن قىسقارتىلغان ۋە ئىشسىز قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئالدىغا مەبلەغ تەييارلاپ، ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرىدىغان تۈرلۈك خۇسۇسىي ئىگىلىك ياكى بىرلەشمە كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئىجتىمائىي رايون قۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي رايون مۇلازىمىتى كەسپى ۋە ئومۇمنىڭ پايدىلىق ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خىزمەتتىن قىسقارتىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆزى كەسىپ تاللاشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتى قاتارلىق غەيرىي مۇنتىزىم ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى ئىزدىنىشىپ ئېچىشى كېرەك.

## ئۈچ تال تاماكىنىڭ ئىككى مىڭ يۈەندىن قۇرۇق قالدۇرۇشى

ئاگىخەيدە بىر باش تاكسى شوپۇرى ئۆزى قاراشلىق شىركەتنىڭ جەمئىيەتكە ۋەدە قىلغان قېلىپلاشقان تۈزۈم «شوپۇر ماشىنا ئىچىدە تاماكا چەكسە، يولۇچىلار كىرا ھەققىنى تۆلەشنى رەت قىلسا بولىدۇ» دېگەن تۈرىنىڭ يولۇچىلارنىڭ ئۇنى بىر مۇنچە كىرا ھەققىدىن قۇرۇق قويىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان.

يېقىندا، بىر شوپۇر بىر كەسىپنى، يەنى، شاگخەيلىك ئۈچ يولۇچىنى نەنجىڭغا ئېلىپ بېرىپ ئەكىلىپ قويۇش كەسپىنى تاپشۇرۇۋالغان. يولغا چىققاندىن كېيىن، بۇ ئۈچ يولۇچى شوپۇرغا قىزغىنلىق بىلەن تاماكا تۇتقان. شوپۇر قايتا - قايتا چىرايلىقچە رەت قىلىپ، ئۆز شىركىتىنىڭ باياناتىدا ۋەدە قىلغان بەلگىلىمىسىنىڭ ناھايىتى قاتتىق ئىكەنلىكىنى، خىلاپلىق قىلسا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. يولۇچى قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىپ، ئۇزۇن يولدا ماشىنا ھەيدىگەندە تاماكا چەكمىسە قانداق بولىدۇ، دېگەن ھەمدە مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، ئىستىماسلىققا ۋەدە بەرگەن. نەچچە سائەتتىن كېيىن ئىككى تەرەپ ناھايىتى قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن. شوپۇر سەزمەيلا قارشى تەرەپ تۇتقان تاماكىدىن ئۈچ تال چېكىپ قويغان.

شوپۇر توپ - توغرا بىر كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ماشىنىنى ھەيدەپ شاگخەيدىكى نىشانغا قايتىپ بارغاندا ماشىنىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچىدە ئىككى مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىققان بۇ چاغدا ئۈچ يولۇچىنىڭ قىزغىن، خۇشخۇي چىرايى يوقاپ، ھېسابات قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان شوپۇرغا: «سىز تاماكا چەككەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، سىزگە پۇل كېرەكمۇ ياكى خىزمەتمۇ» دېگەن.

بېشىدا خۇددى چاقماق چاقىغاندەك بولغان شوپۇر ئۈچ ئادەمنىڭ بىر پۈتمۇ تولىمەي ماشىنىدىن چۈشۈپ، غادىيغان پېتى كېتىپ قالغىنىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپلا قالغان.

## ئىككى يۈز يۈەنگە پۇتىنى يۇغۇزۇش

خاگجۇدا ساقچى تەرەپ «پۇت يۇيۇش دۇكىنى»نى تەكشۈرگەن

بىر ئايدەكلا ۋاقىت ئىچىدە، خاگجۇ شەھىرىنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىنى بىردىنلا پۇتنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلۈپ ئېسىلغان «پۇت يۇيۇش دۇكىنى» بەلگىلىرى قاپلاپ كەتكەن. خاگجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى «پۇت يۇيۇش دۇكىنى»نىڭ ئىچىنىڭ چىرايلىق بېزىلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە دۇكاندا ئاياللارنى بايقىغان.

كادىر - ساقچىلار ئالدى بىلەن شاگجېڭ رايونىدىكى تار كوچىغا جايلاشقان «مىڭشى» پۇت يۇيۇش ئۆيىگە كىرىپ بىرىنچى قەۋەتتىكى يىگىرمە كۋادرات مېتىر كەلمەيدىغان ئۆينىڭ ئالتە ئايرىم خانىگە بۆلۈنگەنلىكىنى كۆرگەن، ساقچىلار ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر خانىنىڭ ئىشىك پەردىسىدىن كىچىك كارۋاتتا يېرىم يالىڭاچ ياتقان ئەرنىڭ «پۇتىنى يۇيىۋاتقانلىقىنى» كۆرگەن. ئۈستۈنكى خانىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالنى كۆرگەن. پۇقراچە كىيىنگەن ئۈچ ساقچى شۇلى «پۇت يۇيۇش دۇكىنى»غا كىرگەندە، دۇكان خوجايىنى خېرىدارمىكىن دەپ، قايتا - قايتا: ئالدى بىلەن پۇتنى يۇيىدۇ، بىر دەمدىن كېيىن خېنىم سىزنى ئۇۋۇلاپ قويىدۇ، دېگەن. ئارقىدىنلا يەنە سىرلىق ھالدا: سىز كۆپرەك چاي پۇلى بېرىشنى خالىسىڭىزلا سىزنى «رازى» قىلىمىز دېگەن.

رەيھانگۈل خالىق (ت)

## شاڭخەيدە خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا پېنسىيىگە چىقىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى

شاڭخەيدىكى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ بىر تۈركۈم ئىشچى - خىزمەتچىلىرى يېقىندا رەسمىي پېنسىيىگە چىقىرىلغان، ئۇلار شەھەر بويىچە بىرلىككە كەلگەن پېنسىيە سۇغۇرتىسى ئۇسۇلى بويىچە پېنسىيە پۇلى ئالغان.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، پېنسىيىگە چىققان بۇ كىشىلەر خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارغا كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن بۇقىرىراق ئۆلچەم بويىچە پېنسىيە سۇغۇرتىسى خىراجىتى تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئالغان پېنسىيە پۇلى تەمىناتىمۇ بىر ئاز يۇقىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە پېنسىيە پۇلى ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرى 6700 يۈەن، ئەڭ ئازلىرىمۇ 550 يۈەندىن يۇقىرى بولغان.

## چىشيەن ناھىيىسىدە سوتچىلارنى قاتتىق ئۇرۇش، قاماش ۋەقەسى يۈز بەرگەن

5- ئاينىڭ 23- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گۇيياڭ تۆمۈر يول سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۈچ نەپەر كادىر-ساقچىسى تەييۈەن تۆمۈر يولىنىڭ يەتتە نەپەر ساقچىسىنىڭ ياردىمىدە چىشيەن ناھىيىسىگە كۆچكە ئىگە بولغان ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغىلى بارغان. ئۇلار چىشيەن ناھىيىلىك خىمىيىۋى ئوغۇت باش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى دۇڭ شىسېڭغا تۇتۇپ تۇرۇش قانۇن ھۆججىتى چىقارغاندا، دۇڭ شىسېڭ ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارغا قاراپ: «تېز كېلىڭلار، ئۇلار مېنى تۇتۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ تولۇلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر دەمدىلا نەچچە ئون ئادەم قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى قورشىۋېلىپ، توپلۇشۇپ ئۇنى ئۇرغان، تەپكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، قورشاپ ھۇجۇم قىلغۇچىلار دۇڭ شىشېڭنىڭ يول باشلىشى بىلەن جۇجۇڭ، ۋۇ چۈەنرۇڭ ۋە لەن شاۋدۇڭ قاتارلىق ئېغىر يارىلانغان ساقچىلارنى زاۋۇتقا ئېلىپ كېلىپ ماشىنا ئىچىگە سولاپ قويغان، 11 سائەتكىچە ئاپتاپقا قاقلاپ ھاقارەتلىگەن. بۇ جەرياندا، قورشاپ ھۇجۇم قىلغۇچىلار يارىدارلارنىڭ سۇ ئىچىشىگە، تاماق يېيىشىگە ۋە ھاجەتكە چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىغان. چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون يېرىمدا، تەييۈەن تۆمۈر يول ئىدارىسى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شۈجىن ئۈچ نەپەر كادىر - ساقچىنى باشلاپ چىشيەن ناھىيىسىگە قۇتقۇزۇشقا كەلگەندە، ئۇلارنىمۇ زاۋۇت ئىچىدە ئون سائەتكىچە قورشىۋالغان. ھازىر يارىدارلار دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

## مەن ئۆي سېتىۋېلىشتا يولۇققان مەسىلىنى قانداق ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟

يولداش تەھرىر:

مەن ئۈچ ئېغىز ئۆي سېتىۋېلىپ 12 مىڭ يۈەن ئۆي پۇلىنى تاپشۇرۇپ بولدۇم، قالغان 12 مىڭ يۈەن ئۆي پۇلىنى 1997- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تاپشۇرۇپ بولۇشقا پۈتۈشتۇق. ئەينى چاغدا مەن ساتقۇچىغا بىر پارچە قەرز ھۆججىتى يېزىپ بەردىم. مەن ساتقۇچىدىن مەن بىلەن بىللە ئۆي - جاي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا بېرىپ ئۆي - جاي ھوقۇقىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ساتقۇچى قايتا - قايتا بانا كۆرسىتىپ بېجىرىپ بەرمىدى، نەتىجىدە بۇگۈنگىچىلىكمۇ ئۆي - جاي كىنىشكىسىنى ئالالمىدىم. شۇڭا مەن ئەنسىرەۋاتىمەن: ئەگەر مەن ئۆي پۇلىنىڭ قالغان يېرىمىنى تاپشۇرۇۋەتسەم ئۆي ماڭا تەۋە بولغان بولامدۇ؟ ئەگەر مەن ھازىر ئۆينى ئېلىشنى خالىمىسام 12 مىڭ يۈەن ئۆي پۇلىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولامدۇ؟ ھازىر ئۆي ساتقان ئادەم ئىچكىرىگە كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالغىلى بولمايۋاتىدۇ، مەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئالدىراۋاتىمەن، لېكىن قانداق ئۇسۇل قوللىنىشنى بىلەلمىدىم. ۋۇر نىلىڭنىزلار ماڭا قانۇن جەھەتتىن يول كۆرسىتىپ بەرسىكەن.

(قورغاستىن: شياۋ شاۋ)

يولداش شياۋ شاۋ:

«شەھەر ئۆي- جاي باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ 60- ماددىسىنىڭ 3- تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ئۆي - جايلارنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن ياكى ئۆزگەرتكەن ۋاقىتتا، ئۆي - جاي ۋە يەر باشقۇرۇش

تارماقلىرىغا ئۆي- جاي ۋە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇشنى تىزىملاش ئىلتىماسى قىلىش كېرەك. بولمىسا، سېتىۋالغۇچى، ساتقۇچى ئىككى تەرەپ ئۆي - جاي سېتىۋېلىش - سېتىش توختىمى تۈزۈشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساتقۇچى ئۆي - جاينى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، سېتىۋالغۇچى ئۆي پۇلىنى تاپشۇرۇپ بولغان تەقدىردىمۇ بۇ سېتىۋېلىش- سېتىش توختىمى ئىناۋەتسىز ھەق تەلەپ ھەرىكىتىگە تەۋە بولىدۇ، ئۆي - جاينىڭ مۈلۈك ھوقۇقىدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولمايدۇ. سىز ئۆچ ئىغىز ئۆينى سېتىۋېلىپ ئۆي پۇلىنىڭ يېرىمىنى تاپشۇرغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن مۈلۈك ھوقۇقىنى يۆتكەشنى تىزىملاتمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، بۇ ئۆي يەنىلا ساتقۇچىغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر سىز بۇ ئۆينىڭ بارلىق ھوقۇقىنى ئۆزىڭىزگە تەۋە قىلماقچى بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ساتقۇچىنى تېپىپ بىرلىكتە ئۆي - جاي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا بېرىپ، مۈلۈك ھوقۇقىنى يۆتكەشنى ئىلتىماس قىلىپ بېجىرسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىسا سىز ئۇنىڭدىن تاپشۇرۇپ بولغان 12 مىڭ يۈەن ئۆي پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىڭىز ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر ساتقۇچى شۇئان سىز بىلەن بىللە بېرىپ ئۆي- جاي مۈلۈك ھوقۇقىنى يۆتكەشنى تىزىملاشنى بېجىرىشكە ئۇنىمىسا، يەنە كېلىپ ئۆي پۇلىنى قايتۇرۇشنىمۇ خالىمىسا، سىز سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھەل قىلسىڭىز بولىدۇ. ساتقۇچىنىڭ ئىچكىرىگە كەتكىنىگە كەلسەك، ھازىر ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى بىلمىسىڭىز، سىز سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغاندىن كېيىن، سوت مەھكىمىسى ئېلان چىقىرىپ ئەرزگە جاۋاب قايتۇرۇشقا چاقىرىدۇ. ئېلان مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئەگەر ساتقۇچى يەنىلا سوتقا كېلىپ ئەرزگە جاۋاب قايتۇرمىسا، سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ سىلەرنىڭ ئوتتۇرىڭلاردىكى تۈلىتىۋېلىش ھوقۇقى، قەرز مەجبۇرىيىتى ئېنىق، سىز تەمىنلىگەن پاكىت ئىسپاتلىق دەپ قارىسا سىرتتىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

## ئەر - خوتۇنلاردىن بىر تەرەپنىڭ ئالغان قەرزى نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئورتاق قەرز قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنامدۇ؟

يولداش تەھرىر:

ئىدارىمىزدىكى خىزمەتدىشىمىز ۋاڭ×× ئايالى جۇ×× بىلەن بۇ يىلنىڭ بېشىدا جېدەللىشىپ ئۆتكەن يىلى ×× دوستىدىن بەش مىڭ يۈەن قەرز ئالغان. بۇ يىل 3. ئايدا ۋاڭ×× خەلق سوت مەھكىمىسىگە نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەرزى سۇنغان. سوت مۇنازىرىسىدە جۇ×× بارلىق قەرز مەجبۇرىيىتىنى ۋاڭ×× نىڭ ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن جۇ×× بالا تەربىيەلەشنى ئۈستىگە ئالمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭ×× قەرز مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى رەت قىلغان. ۋاڭ×× بىلەن جۇ×× نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن بۇ قەرز ئورتاق قەرز قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنامدۇ؟

ۋاڭ يۇگۇيۈەن

يولداش ۋاڭ يۇگۇيۈەن:

دۆلىتىمىز «نىكاھ قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، نىكاھتىن ئاجراشقان ۋاقىتتىكى ئائىلە قەرزى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ھەم ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدىكى قەرزنىڭ ھەممىسىنىلا ئورتاق قەرز دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ھەم ئەر- خوتۇن ئىككى تەرەپ قوشۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ئالغان قەرزنىمۇ ئورتاق قەرز، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئوخشىمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بىر تەرەپتىن، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تۇرمۇشىدا ئالغان قەرز، يەنى ئائىلە تۇرمۇشىنى قامداش، باللارنى تەربىيىلەش، قېرىلارنى بېقىش ھەمدە ئائىلىنىڭ ئورتاق مۈلكىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئالغان قەرز بولسا، ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ نامىدا ياكى بىر تەرەپنىڭ نامىدا ئېلىنغان قەرز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئورتاق قەرزگە تەۋە بولىدۇ، بۇ قەرزنى ئەر- خوتۇن ئورتاق تۆلەش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەر - خوتۇنلاردىن بىر تەرەپ ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدە ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا ئالغان قەرز بولسا، قەرز تۆلەشنى شۇ ئادەم ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، يەنە بىر تەرەپنىڭ قەرز تۆلەش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر جۇ× نىڭ ئائىلىسىدە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولسا، ئۇ ئالغان قەرزنىمۇ تۇرمۇشقا ئىشلەتكەنلىكى ئېنىقلانسا، ئۇنداقتا، نىكاھتىن ئاجراشقاندا ۋاڭ×× نىڭ قەرز تۆلەش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. ئەگەر جۇ×× باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن قەرز ئالغان بولسا، نېمە سەۋەبتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇستەقىل قەرز مەجبۇرىيىتى دەپ قارىلىدۇ، ۋاڭ×× نىڭ قەرز تۆلەش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ، ئەگەر ئەر - خوتۇننىڭ ئورتاق مال - مۈلكى بولمىسا ياكى ئورتاق مال - مۈلكى قەرز تۆلەشكە يەتمىسە، ئەر- خوتۇن كېڭىشىپ قەرزنى ئىككى تەرەپ ئايرىم - ئايرىم ئۈستىگە ئالسا ياكى بىر تەرەپ تۆلىسە بولىدۇ. ئەگەر كېلىشەلمىسە خەلق سوت مەھكىمىسى ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىگە ۋە ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

رەيھانگۈل خالىق(ت)

## ئوغرىنىڭ ھېكمىتى

بىر ئوغرى كەمبەغەل بىرسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرىپ ئۆينى ئاختۇرۇپ ئالغىدەك ھېچ نەرسە تاپالماي غەزەپلىنىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. ھېلىقى كەمبەغەل كارىۋاتتا ئولتۇرغاچ:

-بۇرادەر ئىشىكنى يېپىۋېتىپ كېتەرسىز،-دەپتۇ.

-ئاخماق، مۇشۇ ئۆيىڭىزنى بىرەرسى ئوغرىلاپ كېتەرمىدى؟.دەپتۇ ئوغرى.

## ھېلىمۇ پايپاق كىيمەپتىمەن

بىر كىشىنى ئىت چىشلەپ يارىلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي:

-ھېلىمۇ ياخشى پۇتۇمغا پايپاق كىيمەپتىمەن، بولمىسا زىياننىڭ چوڭىنى تارتىدىكەنمەن،-دەپ زارلىنىپتۇ.

## يەنىلا مۈشۈك

ئامبال يولۋاسنىڭ رەسىمىنى سىزىپ تامغا ئېسىپ قويۇپ. يېنىغا كەلگەن ياپىدىن ئۆزىنىڭ نېمە سىزغانلىقىنى سوراپتۇ. ياپى سىزغان رەسىمنىڭ يولۋاسقا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ «يولۋاس» ئىكەنغۇ، دەپ ماختاپ كېتىپتۇ، ئامبال ناھايىتى خۇش بولۇپ ئۇنى تارتۇقلاپتۇ.

ئەتىسى يەنە بىر ياپىدىن سوراپتۇ. بۇ ياپى راستچىل بولغاچقا «مۈشۈك»دەپتۇ. ئامبال ئاچچىقلىنىپ : نەدىمۇ شۇنداق ئىش بولسۇن، پېقىر يولۋاس سىزغان تۇرسام، مۈشۈك دەيدىغانغا نېمە ھەددىڭ، دەپتۇ. نەتىجىدە ياپى دۇمبالىنىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئامبال يەنە بىر ياپىدىن سوراپتۇ. ھېلىقى ياپى بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، جانابلىرى، مېنىڭ نېمە ھەددىم، دەپتۇ!

ئامبال- سەن نېمىدىن قورقىسەن، دەپ سوراپتۇ ئامبال.

-ئامبالدىن.

— ئامبال نېمىدىن قورقىدۇ؟

— پادىشاھتىن.

— پادىشاھ نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئاسماندىن.

— ئاسمان نېمىدىن قورقىدۇ؟

— بۇلۇتتىن.

— بۇلۇت نېمىدىن قورقىدۇ؟

— بوراندىن.

— بوران نېمىدىن قورقىدۇ؟

— تامدىن.

— تام نېمىدىن قورقىدۇ؟

-چاشقاندىن.

— چاشقان نېمىدىن قورقىدۇ؟

— چاشقان ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، لېكىن ئامبال جانابلىرى سىزغان رەسىمدىكى ئاۋۇ ئەبلەختىن قورقىدۇ!— دەپتۇ.

ئە. راخمان(ت)

## ئاجرىشىش

— ئاپا، سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، قوزام.

— ئۇنداقتا دادام بىلەن ئاجرىشىپ، كەمپۈت ساتىدىغان تاغام بىلەن توي قىلىڭ.

## سېلىشتۇرما

— پاھ، مۇشۇنداق تار، پاكار ئۆيدە بۇ داڭلىق دورىنى ئىشلەپچىقىرىشىڭ ئۆزى مۆجىزە، بۇ ياندىكى ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىنا نېمىنىڭ؟

— ئۇ، زاۋۇتىمىزنىڭ ئېلان بۆلۈمى.

## سەۋەب

بىر خانىم تۇخۇم سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقىپتۇ ۋە بازاردىكى تۇخۇملارنىڭ بەك كىچىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— خوجايىن، بۇ كىچىك تۇخۇملارنىڭ بىرىنى بىر سومدىن ساتسىڭىز بەك قىممەت بولۇپ كەتمەمدۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

خوجايىن مۇلايىم ھالدا:

— خانىم، سىزدىن بىر نەچچىنى ئارتۇق ئېلىش ئۈچۈن توخۇلارنى چوڭراق تۇغۇپ بەر دەپ، ئۇلارنى تۇغۇتتا ئۆلتۈرۈپ قويسام بولماس— ،دەپتۇ.

## توخۇ پۇتى

بىر خېرىدار ئالدىراش ئىشلەۋاتقان كۇتكۇچىنى چاقىرىۋېلىپ:

— بۇ نېمە ئىش؟ سىز نېمىشقا ماڭا بىر پۇتى قىسقا بىر پۇتى ئۇزۇن توخۇ ئەكىلىپ بېرىسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ سىز توخۇ يەمسىز ياكى توخۇ بىلەن تانسا ئوينامسىز؟-دەپ سوراپتۇ كۇتكۇچى.

ئەركىن مۇسا(ت)


# ھەجۋى رەسىملەردىن تاللانما




▲ «مېنى باشقىلارنى تارتمايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟»





▲ دادام نېمىلەرنى تارتقاندۇ؟



▲ ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى



▲ تېمىسىز



▲ نەق مەيدان زىيارىتى

# جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كەسپىدە تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيە ياراتتى



1996-يىل 6-ئايدىن 1997-يىل 6-ئايغىچىلا، 110 مىڭ ئادەم قېتىم 11 مىليون يۈەن سۇغۇرتا تۆلەم پۇلى ئالدى. سۈرەتتە: جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى مايۇنخې (ئوڭدىن ئىككىنچى) بارلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا سۇغۇرتىغا قاتناشقان كىشى (سولدىن ئىككىنچى) گە داۋالاش سۇغۇرتىسى پۇلى بەرمەكتە.



باشلانغۇچ مەكتەپتە يېقىلىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلارنىڭ ئىلگىرىكى ئۆمۈرىنى كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم، بەختلىك ئۆتكۈزۈشى كاپالەتلەندۈرۈلدى.
سۈرەتتە: خوتەن ۋىلايەتلىك باغچا. كەلدىر شىركىتىدىكى بىنسىبىگ چىققان 17 ئىشچى-خىزمەتچى ھەر ئايدا سۇغۇرتا شىركىتىدىن باشلانغاندا يېقىلىش سۇغۇرتىسى پۇلى ئېلىپ كەلمەكتە.



1996-يىل 8-ئايدا، شىنجاڭ ئېلېكترون مەكتىپىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىسى ئىسمائىل ئابدۇللانىڭ ئايالى پاتىگۈل بىلەن قىزى ماھىرە قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ زەخىملىنىپ دوختۇرخانىدا 40 كۈن داۋالاندى. جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى دەل ۋاقتىدا بەش مىڭ 100 يۈەن سۇغۇرتا پۇلى تۆلەپ بەردى.



1996-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى، شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتى پەيزىئاۋات ناھىيىلىك كىنو قىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ۋەن شىنلىن قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ كۆيۈپ يارىلىنىپ زەخىملەنگەندە دوختۇرخانىدا 48 كۈن داۋالىنىدۇ. جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبىسى ئاشۇلاردا بولۇپمۇ خەتەرگە ئۇچرىغاندا تۆلەم تۆلەش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن دەل ۋاقتىدا 15 مىڭ يۈەن زەخىملىنىش پۇلى تۆلەپ بەردى.



1997-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى، پەيزاۋات ناھىيىسىدە يەر تەۋرىگەندە، جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق شىركىتىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر، تىجارەت خادىملىرى ئارقا-ئارقىدىن ئىشانە توپلاپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بەردى.
سۈرەتتە: جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ باش دىرېكتورى قادىر (سولدىن ئۈچىنچى) ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا سەممىي ھال سورىدى.



ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى پولات (11 ياش) 1996-يىل 7-ئايدا ئاق قان كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ دوختۇرخانىدا داۋالانغاندا 58 مىڭ 20.889 يۈەن سۇغۇرتا پۇلىغا ئېرىشتى.
سۈرەتتە: جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ كەسپىي ئىشلارغا مەسئۇل خادىمى دوختۇرخانىغا بېرىپ ساقايغان پولاتنى يوقلىدى.



ھايات مۇساپىسى ئۇزاق، كىشىلەر ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا زېھنى ئىشتىياق باغلىماقتا. سۈرەتتە: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق شىركىتى تىجارەت بۆلۈمى 1-ئاينىڭ 12-كۈنى كاپالەتلەندۈرۈلگەن 60 دىن ئارتۇق «ئائىلە كاپالەتلەندۈرۈلگەنلەر» نىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللەپ، ئۇلار مەدەنىيەتلىك مۇلازىمەتنى ھېس قىلىپ تۇرماقتا.

# بايىنغولىن ئوبلاستلىق تاماكا مەخسۇس سېتىش تارماق ئىدارىسى (كورلا تارماق شىركىتى)



بايىنغولىن ئوبلاستلىق تاماكا مەخسۇس سېتىش تارماق ئىدارىسى (كورلا تاماكا تارماق شىركىتىنىڭ تولۇق ئىسمى) مەملىكەتلىك تاماكا مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارمىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا شىركىتىنىڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى (شىركىتى) ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە قارايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى (شىركىتى) نى ئاساس قىلىدۇ. 1994-يىل 8-ئاينىڭ 22-كۈنى رەسمىي ۋۇجۇدقا كېلىپ قۇرۇلغان، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە بىڭتۈەندىكى ئۈچ يېزا ئىگىلىك دىۋىزىيىسىنى تاماكا بىلەن تەمىنلەش بىلەن بايىنغولىن رايونىدىكى تاماكا بازارلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

ئىككى يىلدىن بۇيان، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكى، قوللىشى، ياردەم بېرىشى ئاستىدا، «تاماكا مەخسۇس سېتىش قانۇنى» نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قەدەمنى پۇختا ئېلىپ، بازار ئىگىلەپ، ئىگىلىك تىكلەش ئىدىيىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تاماكا سېتىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 1997-يىلى 6-ئايغىچە سېتىش كىرىمىنى 496 مىليون 890 مىڭ يۈەن، باج تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى 39 مىليون 550 مىڭ يۈەن ئورۇنلاپ، بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە باج تاپشۇرىدىغان چوڭ كارخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

تارماق ئىدارە (تارماق شىركەت) دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدىكى تۆت فۇنكسىيىلىك بۆلۈم، 19 نەپەر ئىشچى خىزمەتچىسى بار ئىدارىدىن تەرەققىي قىلىپ بەش فۇنكسىيىلىك بۆلۈم، ئالتە تاماكا توپ تارقىتىش ئورنى، ئالتە تاماكا مەخسۇس سېتىش دۇكىنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئالتۇن ياپراق سودا چەكلىك شىركىتى ۋە ئالتۇن ياپراق سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە ئالتۇن ياپراق مېھمانسارايغا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى 200 دىن ئارتۇق خادىمغا ئىگە ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك شىركەتكە ئايلاندى.


بولۇپمۇ ئالتۇن ياپراق مېھمانسارىيى 1996-يىل 8-ئايدىن باشلاپ تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان، ئالىي دەرىجىلىك ئەسلىھەلىرى سەپلەپ، تولۇقلىمىلىق، قېلىپلاشقان مۇلازىمەتنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىغا قوشۇلغان بىر دەستە گۈل بولۇپ قالدى.






داڭلىق تاماكا مەخسۇس سېتىش دۇكىنى

مەخسۇس سېتىش ئەكشۈرۈش خادىملىرى قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قانۇنسىز تاماكا تىجارىتى قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بەرمەكتە. سۈرەتتە: مەخسۇس سېتىشنى تەكشۈرگۈچى خادىملار ئەپچىللىك بىلەن تورلاشتۇرۇپ چىققان پارقازان ئىچىگە تاماكا تاچىلاپ كىرگۈزۈلگەن، ئاشكارا سېتىش-يۆتكەش دېلوسىدىن 230 نى پاش قىلىپ، پار قازان ئىچىدىلا كۆيدۈرۈپ تاشلىماقتا.



پارتىگورۇپپىدىكى بىر بەن ئادەم (پارتىگورۇپپىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى، دىرېكتور چېن يۇ فاڭ (ئايال ئوتتۇرىدا) پارتىگورۇپپىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن دىرېكتور تاڭ جىشواڭ (ئوڭدا)، پارتىگورۇپپىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن دىرېكتور سۇڭ جى (سولدا)



